شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

BULAK 2013 1



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
02>
9 771005 087006

源泉（布拉克）. BULAK

# رۇبائىيلار

ۋەسلىڭ بولۇبان مۇيەسسەر، يا رەب،
چېھرە قىلىبان كۆزنى مۇنەۋۋەر، يا رەب،
نۇتقۇڭ ساچىبان بەزمدە گەۋھەر،
يا رەبكى، ئىجابەت ئەيلەگىل ھەر يا رەب.

ساقىي مېنى خار - خاردىن ئەيلە خەلاس،
گۈل - گۈل يۈزۈڭ ئاچ، بەھاردىن ئەيلە خەلاس،
يا مەي بەرۇ ئىنتىزاردىن ئەيلە خەلاس،
يا ئۆلتۈرۈبان خۇماردىن ئەيلە خەلاس.

ياشۇنغان ئېمىش قارا بۇلۇتقا ماھىم،
گەردۇننى ساۋۇرماغىلىق ئېرۇر دىلخاھىم،
كىرمىش قارا تۇفراققا قۇياشدەك شاھىم،
نېچۈن قارا قىلماسۇن قۇياشنى ئاھىم.

نەۋائى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

35 - يىل نەشرى   ئومۇمىي 148 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# بۇلاق

2013 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى ○ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئىسكەندەرى ئايىنە ............... پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۆ، ئىلھام ئابدۇللا

ئوقۇماق ۋە يازماق ھەققىدە ئىككى پارچە تېكىست ............................................ (26)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

نورۇزنامە ........................................................................ ئۆمەر ھەييام (32)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

تەسەۋۋۇپ ۋە بابۇر شېئىرىيىتى ............................................ ئىبراھىم ھەققۇل (50)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

ئەسەدىي تۇسى ۋە «گەرشەسپنامە» ........................ شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن (60)

تەخمىس شېئىرى ژانىرى ھەققىدە ........................................ تۇرسۇنجان مەخمۇت (66)

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

مەشھۇر تېۋىپ، ئوزۇقشۇناس قوسقوي ۋە ئۇنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ھەققىدە ....... ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي (73)

## مەشھۇر كىلاسسىكلار

توخسۇن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ «ھەجنامە» داستانى ........... گۈلجەننەت ئاتاۋۇللا (89)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئۆرنەكلەر ............ ئابابەكرى ئابدۇرېشىت (93)
بىلال ۋە ئالتۇن قاسراقلىق يىلان (چۆچەك) ............................ (101)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ھېمىت سامساق
ھىيلىگەر ئوغرى ................................................(106)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى
سەرگەردان بۇلبۇل ................................................(111)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەر تۇردى

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: شاھ مەشرەپ
(رەسسام: تۇرسۇنجان ئىمىرھەسەن)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىر : مۇتەللىپ ئىسمايىل
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات
خەتتاتلار: قايىنام جاپپار، مەمەت نەۋبەت
رەسسام: سالامەت ئىلھام

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي

# ئەسكەنەرى ئايىنە*

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بوگو، ئىلھام ئابدۇللا

## ئون ئىككىنچى باب
## زىياپەت قىلماقلىقنىڭ بايانى

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، يات (سىرداش بولمىغان) مېھماننى زىياپەتكە ھەر كۈنى چاقىرما. ھەر كۈنى چاقىرساڭ، مېھماننىڭ ئۆز ھەققىگە يارىشا ھۆرمىتىنى قىلالماي، زىياپەت شەرتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالمايسەن. ئەگەر بىر ئايدا بەش مەرتەم مېھماندارچىلىق قىلماقچى بولساڭ، ھەر ئايدا شۇ بەش قېتىملىق زىياپەتكە لازىملىق خەج - خىراجەتنى يىغىپ، بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىققا سەرپ قىل. تا داستىخىنىڭ ھەممە ئەيىب ۋە نۇقساندىن خالىي، يېمەك - ئىچمەك، ھازىرلىقلىرىڭ مول بولغاي. شۇنداق مېھماندارچىلىقىڭدىن ئەيىب ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تىللىرى قىسقا بولىدۇ.


وعامه‌نینک زبان ملامتی هم سینینک حقینکدا باغلانغای
باب ضیافت قیلماغلیق نینک بیانی ای کوز دیده مهمان
اجنبی نی هرکون ضیافت قیلماغیل کیم هرکون مهمان نینک اوز حقی غه
یارانشا اعزاز واکرام قیلیب ضیافت شرایطی نی کما حقه بجا کلتورالماغایسین
اگر آیده بش مرتبه مهماندارلیق قیلا تورغان بولسانک هر آیدا شول
بش ضیافت که لازیم قیلینادورغان خرجی نی جمع قیلیب بر مرتبه مهماندار
لیق قیلغیل تا دستورخان نینک همه عیب ونقصاندین پاک بولغای
و اسباب ماحضر نینک فراوان بولغای و عیب جویلار نینک تیلی باغلانغای
واگر مهمانلار جمع اولوب کا قدم کلتورسه‌لار هر قایسی نینک استقبالیغه
چیقیب اعزاز واکرام ایلاب هر برلاریگه اوز مقدارچه تملق ایلاب کونکلکلاری نی خوش قیلغیل
بو شکور بلخی دیپتور بیت کشی کا یار چون
مهمان بولسه نثار ایلار انکا یوز جان بولسه اگر میوه موسمی بولسه تروتازه
میوه مهمانلارغه تا تعجیل تام مهمانلار میوه تناول دین ایلیک

ئەگەر مېھمانلار جەم بولۇپ ئۆيۈڭگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، ھەرقايسىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ لايىقىدا ھۆرمەت بىلدۈر، ئىززەتلە ھەمدە ھەربىرىگە ئۆز مىقدارىچە يېقىنچىلىق كۆرسىتىپ، كۆڭۈللىرىنى خوش قىل. بۇ ھەقتە ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي مۇنداق دېگەن، نەزم:

كىشىگە يار چۈن مېھمانى بولسا،
نىسار ئەيلەر ئاڭا يۈز جانى بولسا.

ئەگەر مېۋە مەۋسۇمى، يەنى مېۋە پىشقان مەزگىل بولسا، مېھمانغا ئالدى بىلەن يېڭى ۋە تازا مېۋىلەرنى تارتقىن. تا مېھمان مېۋە يېيىشتىن قول يىغقاندىن كېيىن بىرەر سائەت تەخىر قىلىپ، ئاندىن تائام كەلتۈر. ئۆزۈڭ ئالدىراپ ئولتۇرۇۋالما. ئەگەر مېھمانلار سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، «مەن خىزمەتىڭلاردا بولاي» دەپ ھۆرمەت بىلدۈر. ناۋادا «ئولتۇرۇڭ» دەپ تەكرار تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، شۇ چاغدا پەگاھدا ئولتۇرۇپ، مېھمانلارغا ئەگىشىپ غىزالان. ئەگەر مېھمانلىرىڭ ئۇلۇغ ۋە ئە-

* بېشى ئالدىنقىساندا.

زىنزلەردىن بولسا، ھەرگىز ئولتۇرۇۋالما. ئەمما، مېھمانغا ھە دې-گەندە: «تائامنى ئوبدان يېيىشسىلە، ھېچنېمە يېيىشمىدىلە، جانلى-رىنىڭ ھەققىدە خىجىل بولۇشمىسىلا، تائامنى سىزلەرگە لايىق ئوخشىتالمىدىم، كېلەر قېتىمدا تولۇقلىۋالارمەن ... » دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلەرنى قىلىشۋەرمە. مېھمانغا تەكەللۇپ سۆزلەرنى كۆپ قىلماق بازارلىقلارنىڭ ئىشىدۇر. بۇنداق سۆزلەر ھەممەت ئەھلى ئۈچۈن ئارتۇقچىدۇر. تەكەللۇپ سۆزلەر ئۆمرىدە بىرەر قېتىم مېھ-مان چاقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇنداق سۆزلەرنى مېھمانلار ئۆي ئىگىسىدىن ئاڭلاۋەرسە، خىجىل بولۇپ، تويغۇدەك تائام يېيەلمەيدۇ، تائامدىن تېزلا قول يىغىدۇ. بىزنىڭ گىلان شە-ھىرىنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى تولىمۇ ياخشى، كۆڭۈللەر-گە بەكمۇ مەرغۇپتۇر:



قاچانكى، بىرەر ئۆيگە مېھمان چاقىرىلغان بولسا، ئاۋۋال مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ھازىرلىقلىرىنى، يەنى ئاش - تائامنى ۋە سۇ، شەربەت قاچىلانغان كوزىلارنى قويىدۇ. ئۆي ئىگى-سى مېھمانلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ، ئۆزى خىلۋەتتە ساقلاپ تۇرىدۇ. بىر خىزمەتكار يىراقتا تۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە پىيالىلەرگە چاي قۇيماق ئۈچۈن تەخ بولۇپ تۇرىدۇ. مېھمانلار بە-ھۇزۇر ئولتۇرۇپ، كۆڭۈللىرى تارتقىنىچە يەپ - ئىچىدۇ.



وتابع وجلودار

يەنە مېھمانلار قوللىرىنى يۇماستىن ئىلگىرى ئەتىر ۋە گۈلاب كەلتۈرۈپ، مېھمانلارنى خۇش بۇي قىلغىن. ئۇلارنىڭ غۇلام، خىزمەتكارلىرى، ھەتتا ئاتباقارلىرىغىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بول. چۈنكى، ياخشى نامىڭ يىغىلىشلاردا شۇلار ئارقىلىق يېيىلى-دۇ.

مەجلىسلەردە ئەتراپىقا لالە ۋە رەيھان گۈللىرىنى كۆپرەك تىز. خۇش قىلىقلىق سازەندە، خۇش چاق-چاق سۆزمەن ۋە ئۇستا، نامدار ئۇسسۇلچىلارنى ھا-زىر قىل. مېھمانلارغا سەۋەبسىزلا شاراب تۇتۇۋەر-مە. چۈنكى، بەزى كىشىنىڭ كۆڭلى تائام ياكى شاراب بىلەن ئەمەس، بەلكى نەغمە، ئۇسسۇل بىلەن خۇرسەن بولۇشى، پەقەت ناخشا، ئۇسسۇلدىن شاد-لىق تېپىشى مۇمكىن. ئەگەر مېھماندارچىلىق جەر-يانىدا يېمەك - ئىچمەكلىرىڭدە نۇقسان كۆرۈلگۈ-دەك بولسىمۇ، ساز، ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ كەيپىدە مەلۇم بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، شاراب ئىچمەكلىك گۇ-ناھى كەبىرە، يەنى كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر. ئەمما،



شۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ بىلەن مەشغۇل بولۇپ شاراب ئىچكەنىكەن-سەن، ئۇنداقتا گۇناھنىڭ ئۈستىگە گۇناھ قىلما. يەنى بەتمەستلىك، قىلىقسىزلىق قىلما. شارابنى خۇشخۇي، كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ ئىچ، نەغمە ئاڭلا، ئۇسسۇل ئوينا. مەجلىس ئەھلى ۋە باشقىلارغا ئېھسان قىل. مۇبادا بەتمەستلىك، يەنى قىلىقسىزلىق قىلساڭ، خۇدايىتائالانىڭ ئالدىدا گۇناھلىق بولغانلىقىڭ ئۈستىگە، خالايىقنىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھكار بولۇپ قالىسەن. تا ئۇشبۇ گۇناھلىرىڭنىڭ كاساپىتىدىن ئاخىرەتتە خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىسەن. بۇ جىنايەتنىڭ قاباھىتىدىن ئۇشبۇ جاھاندا خالايىقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىسەن.

ئەي پەرزەنت، مەزكۇر نەسىھەتلىرىمنى زېھنىڭ بىلەن ئاڭلاپ، ئىمكان بار ئەمەلىيىتىڭدە كۆرسەت. مېھماننىڭ سېنىڭ زىممەڭدىكى ھەققىنى ئۆزۈڭنىڭ مېھماننىڭ زىممىسىدىكى ھەققىدىن كۆپ ۋە ئارتۇق بىل.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، مۇقلىنىڭ ئوغلى نەسىر ئىبنى مەنسۇر تەمىمنى بەسرەگە ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. نەسىرنىڭ مال - دۇنياسى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە ھېسابسىز ئىدى. خەلىپىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئاماللار بىلەن نەسىرنىڭ پۇل - مېلىنى ئالماقنىڭ تەمەيى چۈشتى. شۇڭا، خەلىپە ئانچىكى باھانە - سەۋەب بىلەن نەسىرنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى قىلدى. بەرھەق، نەسىرنىڭ مال - دۇنياسى خەلىپىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق چىقتى. مۇقلىنىڭ ئوغلى:

— ئەي نەسىر، يا ئۇشبۇ مالدىن كەچكىن، يا زىنداندا مەھبۇس بولغىن، — دېدى.

— ئەي ئىززىتىمنىڭ پاناھى، — دېدى نەسىر جاۋابەن، — ئۆيۈمدە مال - دۇنيا ناھايىتىمۇ كۆپ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىدە بۇ يەردە يوق. ماڭا بىر ئايلىق مۆھلەت بىلەن ئامانلىق بەرگىن. مۇنچىلىك ئىش بىلەن زىندانغا سولىماقتىن ئۆتكىن.

مۇقلىنىڭ ئوغلى كۆڭلىدە: «بۇنچىلىك پۇل - مالنى بەرمەك نەسىر ئۈچۈن ئاساندۇر، يەنى ھېچ گەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپ:

— ئەمرىۇل - مۆئمىنىندىن رۇخسەت بولمىغۇچە، تا بۇ مالنى بەرمەي تۇرۇپ باشقا يەرگە بارساڭ بولمايدۇ. ئەمما، مېنىڭ ھويلامدا بىر ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ، بىر ئايغىچە ماڭا مېھمان بولغىن، — دېدى.

نەسىر دەرھال:

— پەرمانبەردارمەن، — دەپ، بەجانىدىل قوبۇل قىلىپ، مۇقلىنىڭ ئوغلىنىڭ ھويلىسىدا مەھبۇس بولۇپ تۇردى.





نەسىر مۇقىلنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە مەھبۇس بولغان، يەنى ئاياغ باسقان كۈنى، دەل ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى. مۇقىلنىڭ ئوغلى ھەر كۈنى كەچتە نەسىرنى چاقىرتىپ، تا ئۇلۇغ رامىزان تامام بولغۇچە بىللە ئىپتار قىلدى.

ۋاقىتكى، ھېيت بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن مۇقىلنىڭ ئوغلى نەسىرگە:

— مەزكۇر مال كېلىدىغان قارارىدىن ئۆتتى. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نەدىن نەگىچە، — دەپ كىشى ئەۋەتتى. نەسىر كېلىپ:

— مەن مالنى ساڭا تامام بېرىپ بولدۇم، — دېدى.

مۇقىلنىڭ ئوغلى ئېيتتىكى:

— كىمگە بەردىڭ؟

نەسىر ئېيتتى:

— ساڭا بەردىم.

مۇقىلنىڭ ئوغلى بۇ جاۋابتىن پەرىشان بولدى. ئۇ تېرىكىپ:

— ئەي خاجە، مالنى ماڭا قاچان بەردىڭ؟ — دېدى.

نەسىر دېدىكى:

— مەن ساڭا زەر (پۇل - مال) بەرمىدىم، لېكىن ئۇشبۇ ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا ھەر ئاخشىمى سېنىڭ بىلەن بىللە ئىپتار قىلدىم. نېمىتىڭدىن بىر ئاي مەنپەئەتدار بولدۇم. مانا ئەمدى ھېيت بولدى. بەرگەن نېمىتىڭنىڭ ھەققىگە مەندىن زەر (پۇل - مال) تەلەپ قىلساڭ دۇرۇس بولامدۇ؟



مۇقىلنىڭ ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە تولىمۇ خۇشخۇيلۇق ۋە رازىمەنلىك بىلەن نەسىرنىڭ قولىغا ئازادلىق خېتىنى تۇتقۇزۇپ:

— ئەي نەسىر، سەن ئۇشبۇ ئۇلۇغ رامىزان ئېيى تامام بولغۇچە ماڭا مېھمان بولدۇڭ. شۇبۇ مېھماندارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەندىن ئالماقچى بولغان مەزكۇر مالدىن ئۆتتۈم، تا ئۇ مالنى سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بېرەي. سەن ئۆز ۋەتىنىڭگە قايتقىن، — دېدى.

نەسىر ئۇشبۇ مېھماندارچىلىقنىڭ بەرىكىتىدىن مال - بېساتىنى ساقلاپ قالدى، مەھبۇسلۇقتىنمۇ ئازاد بولدى.

بەس، ئەي ئەزىزىم، مېھماندىن سۆيۈن. مېھمانغا ھەمىشە ئوچۇق چىراي ۋە خۇشخۇي بول، چىرايلىق، يېقىشلىق سۆزلەرنى قىل. مېھماننى ھۆرمەتلە، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋال. لېكىن، مېھماننىڭ ئالدىدا شارابنى كۆپ ئىچىپ، زىياپەتتە كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلمىغىن. ناۋادا مېھمانلارنىڭ يېرىمى مەست بولۇپ قالغان ھالەتتىن ۋاقىپ بولساڭ، سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئۇلارغا مەست بولۇپ قالغان قىياپەتتە كۆرسەت. دوستلىرىڭغا ياخشى



مۇئامىلىدە بول، ئۇلارغا خۇشخۇيلۇق ۋە مېھرىبانلىقنى بىلدۈر. ئەم-
ما، بىھۇدە كۈلمە. بىھۇدە كۈلمەك — ئىككىنچى سارائلىقتۇر؛ كەم
كۈلمەك — ئىككىنچى سىياسەتتۇر. ۋاقتىكى، مېھمان مەست بولۇپ
قېلىپ، ئۆيگە قايتماقچى بولسا، مېھمانغا دەرھال ئىككى - ئۈچ مەرتەم
مۇلايىملىق بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۆيگە قايتىشتىن توسۇپ قال.
ئۈچىنچى مەرتەم مېڭىشقا ھازىرلانسا، توتۇۋالما. مېھماننى ئۆز ئىختى-
يارىغا قويۇپ، تەزىم بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىپ قوي. ئەگەر مۇلازىم -
خىزمەتكارلىرىڭدىن بىرەرسى مېھمانلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىلىپ - بىلمەي
بىرەر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغان بولسا، دەماللىققا غەزەپ قىلما،
قاتتىق - يىرىك سۆزلىمە. «بۇ ئىشلىك بولدى، ئۇ كۆڭۈلگە ياقىدۇ؛ بۇ
ئىشلىك بولمىدى، ئۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كۆڭ-
لىگە ئازار بەرمىگىن. قىلغان ئىشى دېتىڭگە ياقمىسىمۇ، بىر كۆزۈڭنى
قىسىۋېلىپ ئۆتكۈزۈۋەت. مېھمان ئالدىدا جېدەللەشمە. ئەگەر مېھمانلار-
دىن بىرەرسى بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلىپ چېشىڭغا تەگسە ۋە ياكى بە-
مەنە سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئەدەپسىزلىك قىلسىمۇ، نارازىلىقىڭنى بىل-
دۈرمە. ئەكسىچە، مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى ئۇلۇغ بىل.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، خەلىپە مۇئتەسىم ھۇزۇرىدا بىر مەھرەمنىڭ
(خاس خىزمەتكارىنىڭ) بېشىنى كەسمەككە پەرمان قىلغانىدى، مەھرەم:
— ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ ئاۋۋال مېنى بىر جام سۇ بىلەن



مېھمان قىل. ئاندىن كېيىن نېمە قىلىشنى خالىساڭ، شۇنداق
قىل. مەن بەكلا ئۇسساپ كەتتىم، — دېدى.

مۇئتەسىم مەھرەمنىڭ ئارزۇسى بويىچە، تەلپىنى قوبۇل قى-
لىپ، گۈل سۈيىدىن تەييارلانغان شەربەت بىلەن ئۇنىڭ ئۇسسۇز-
لۇقىنى قاندۇردى. زىياپەت بىلەن كۆڭلىنى شاد قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن مەھرەم پادىشاھنىڭ ئىنايىتىدىن مەمنۇن ۋە خۇشال بولۇپ
ئەرەبچە ئىبارە بىلەن: «كەسرەتۇن ئاللا تائالا خەيرۇكە» (شۇبۇ
ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن تەڭرىم بەرىكەت ئاتا قىلغاي!) دەپ، دۇئا ۋە
سانا ئېيتىپ دېدىكى:

— ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئۇشبۇ سۇ ۋە شەربەت بىلەن
مېھمانىڭ بولدۇم. ئەمدى ئادەمگەرچىلىك شەرتى بويىچە مېھماننى
ئۆلتۈرمەك ۋاجىپ بولسا، ھۆكۈم قىل، تا مېنى ئۆلتۈرگەي؛
ئۇنداق بولمىسا، ئەپۇ قىل، تا سېنىڭ ئىلكىڭدە تۇۋا قىلاي!

— راست ئېيتىسەن، — دېدى مۇئتەسىم، — مېھماننىڭ
ھەققى ئۇلۇغدۇر. سېنى ئەپۇ قىلدىم. تۇۋا قىلغىن. بۇنىڭدىن كې-
يىن گۇناھلىق ئىشلارغا ئەسلا يېقىن يولىغۇچى بولما!

مەھرەم تۇۋا قىلىپ، ئۇشبۇ ھالاكەتتىن خالاس بولدى.

ئەمما، بىلگىنكى، مېھماننىڭ ھەققىگە رىئايە قىلماق — سا-



ھېبخانا ئۇچۇن ۋاجىپتۇر. لېكىن، شۇنداق مېھماننىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىكىم، ئۇ مېھمان قىلىشقا، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بولسۇن. بەزى نائەھلىلەر باركى، ئۇنى مېھمان دەپ ئۆيۈڭگە چاقىرىپ، ھېسابسىز ھۆرمىتىنى قىلىپ، «بۇ مېنىڭ مېھمىنىمدۇر» دەپ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىززەتلىسەڭمۇ، بىلمەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنداق كىشىلەر بۇ ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭكىدە مېھمان بولۇش توغرا كەلسە، ئاۋۋال تېگى ـ تەكتىنى، مېھمان بولۇشقا ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بىلمەك لازىم. چاقىردى دەپلا بولار ـ بولماس كىشىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا بېرىۋەرمە. ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭگە زىيان يەتمىگەي، يەنى ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى ساقلا. ئەگەر كىشىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مېھماندارچىلىققا بارماقچى بولساڭ، بەكمۇ ئاچ ھالەتتە، يەنى ئاچ قورساق بارما، بەك توق ھالەتتە ھەم بارما. ئەگەر توقلۇق تۈپەيلى ھېچنېمە يېمىسەڭ، مېھمانلار ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ناۋادا ئىسراپ قىلىپ كۆپ يېسەڭ، ئېشىڭ ئارتىپ قالىدۇ. ھەرقانداق مەرىكىگە بارساڭ، ئۆزۈڭگە لايىق جاينى تېپىپ، مۇقىم بىر ئورۇندا ئولتۇرغىن. ئەگەر ئاشنا ۋە دوستۇڭنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولساڭ، «دوستۇمغا ياردەم بېرەي» دېگەن نىيەتتە ئۆي ئىگىسىنىڭ مۇلازىم ـ خىزمەتكارلىرىغا تائام تۆپىسىدە: «ئەي پالانى، بۇ تاۋاقنى پالانى يەرگە قويغىن، بۇ قاچىنى پالانى يەرگە قويغىن ...» دەپ ئۇلارغا نېمەت، شاراب ۋە شەربەتنى قايسى تەرتىپتە قويۇش توغرىسىدا تەلىم بېرىپ يۈرمە، يەنى تەنتەكلىك، ئاقساقاللىق قىلما. داستىخاندا كىشىنىڭ ئالدىدىكى نان (يېمەكلىك) ۋە قاچىلارغا كۆز يۈگۈرتمە. خىزمەتكارىڭغا زەللە بەرمە. كىشىنىڭ ئۆيىدە مەست بولۇپ قالما. مېھماندارچىلىقتىن شۇنداق ھالەتتە قايتقىنكى، يولدا رەپتارىڭدىن مەستلىكنىڭ ئەسىرى مەلۇم بولمىغاي. چىرايىڭ باشقىلارنىڭ چىرايىدىن ئۆزگىچە كۆرۈنمىگەي. مەستلىكىڭنى ئۆيۈڭگە بېرىپ بىر تەرەپ قىل. ئەگەر بىرەر قەدەھ چاغلىق شاراب ئىچكەن بولساڭ، شۇ ئەسنادا خىزمەتكارلىرىڭ ھەرقانچە گۇناھ قىلغان، سادىر قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلى ئەدەپلىمەك لازىم بولغان تەقدىردىمۇ، دەماللىققا ئەدەپلىمە، غەزەپ قىلما. چۈنكى، مۇنداق چاغدا غەزەپلىنىپ ئەدەپلىسەڭ، ئۇنى ھېچكىم ئەدەپلەش ھېسابلىمايدۇ، بەلكى سېنى مەست بولۇپ قاپتۇ، مەستلىكتىن ۋارقىراۋاتىدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ. خىزمەتكارلىرىڭنى قانداقلىكى ئەدەپلىمەكچى بولساڭ، ساق ۋاقتىڭدا ئەدەپلە. شۇنداقتا ئەدەپلەنگۈچىلەرمۇ قوبۇل قىلالايدۇ، ئەدەپىڭنىمۇ ئۇنۇمى بولىدۇ، مەقسەت ـ مۇددىئايىڭمۇ يېتەلەيسەن. بۇ ھەقتە ئا-




توتقنبل خصوصا نرد وشطرنج اوليونی وقتی ده کم هزل اولغيل کيم لوب
ایکی لهو توپ سیده آدم خجل بولغای و هزل کم کوتهکای نرد و شطرنج
نینک حکمی یوقاری آیه قرآن و حجت برهان برله ذکر قیلیندی ولیکین شطرنج
اگرچه قمار بیله اوینالسه حرام و کبایر قبیله سیدین بولاغای نرد و شطرنج اوینامقنی
عادت قیلماغیل مبادا اوینا سانگ هم کم کم شطرنج اوینا غیل هرگیز النونغ
یا مرغ یا مهماندارلیق قویوب شطرنج اوینا ماغیل کیم قمار بازلیق بیله معروف
اگرچه بی فلوس درهم شطرنج اوینا ماغیل کیم سین هم قمار بازلیق بیله
معروف بولغایسین واگر اوزونگدین محتشم راق کیشی بیله شطرنج
اوینار بولسانگ تا اول اوینامغونچه آندین ایلگاری مهره غه ایلیک سونمه غیل
مست و بی باک لار و تیره طبع ناپاک لار بیله هرگیز شطرنج اوینا ماغیل
تا موجب اراغه نزاع واقع بولماغای و اگر حریف غلط اوینا سا
فلان اویدین فلان اویگه کوچماکینگ روا یا نارو ادیب جنگ بیله
جنگ قیلماغیل اگرچه سوزونگ راست بولسه هم سوزونگنی تحقیق قیلماقیدین

قىلىلار: «سارائخلىق بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەستلىك ئەنە شۇ سارائخلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر» دېگەن. شۇڭا، مەستلىكتە، يەنى مەست بولۇپ قالغان ۋاقىتىڭدا كۆپ سۆزلىمە. پۇت - قوللىرىڭنى ئار-تۇقچە ھەرىكەتتىن يىغ. كىشى خالىمايدىغان يېقىمسىز قىلىقلار، ئېگىز - پەس ھەرىكەتلەر مەيلى مەستلىكتە بولسۇن، مەيلى ساق ۋاقىتتا بولسۇن، بەتخۇيلۇق — سارائخلىق جۈملىسىدىندۇر. يەنە بىرسى، مەست ۋە خارابلىق ھالىتىڭدە ياتلارنىڭ، ناتونۇش كىشى-لەرنىڭ ئارىسىغا بارغۇچى بولما. ئەگەر بارغۇڭ كەلسە، ئۆز ئايا-لىڭ، خىزمەتكار ۋە يار - بۇرادەرلىرىڭنىڭ قېشىغا بار، شۇلارنىڭ ھوزۇرىدا بولغىن. نەغمە - ناۋا بولۇۋاتقان، ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتقان سورۇنلاردا سازەندىلەرگە ئۆز مەيلىڭچە: «يېنىك پەدىگە چېلىڭ» دەپ مۇترىب، يەنى سازەندە ۋە ناخشىچىلارنىڭ كەيپىنى قاچۇرما، ھەمىشە يېنىك پەدىلەرگە مايىل بولمىغىن. ھەر ئىشتا مېمانلارنىڭ خاھىشىغا باق، يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلما. يىگىتلەرنىڭ تولاراقى مۇڭلۇق پەدىلەرنى خالايدۇ.

ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئون ئۈچىنچى باب
## دامكا ۋە شاھمات ئويناقنىڭ بايانى


اولون اوچون آنداغ کیل اگرچه قولونگ حق بولور ... لار بالغان
عقیده قیلماغیل یالغان و ... تلیق نینگ اصلینی عرده و هزل بیلگیل و هزل
پرهیز قیلغیل کیم هر نیچه مطایبه قیلماقلیق عیب و عصیان دایره سیدین خارج
دور کیم روایت قیلیندی کیم حضرت عایشه رضی الله عنها نینگ اویلارده
بریره زال بار ایردی بر کونی اول حضرت صلی الله علیه وسلم دین سوال
قیلدی کیم یا رسول الله مینینگ یوزوم بهشتی لار نینگ یوزی بیلین مو
لار نینگ یوزی بیلین مو رسول علیه السلام ایدیلار هرگیز اصلا هیچ پیره زال بهشت
کا داخل بولمایدور دیدیلار اول پیره زال بو حدیث استماعیدین کوب
دلتنگ بولوب یغلادی ایرسه در حال رسول علیه السلام ایدیلار مینینگ
سوزوم هرگیز خلاف بولماغای من مخبر صادق دورمن کیم هیچ پیره
زال پیره زال لیک حالتیده بهشت کا کیرمکای اول جه دین کیم
قیامت کونی ... کورلاریدین یاش قوپقایلار اول
پیره زال بو حدیث استماعیدین فرح لیک حاصل قیلیب خوشدل بولدی

بىلگىن، ئەي كۆز نۇرۇم، جىگەر پارەم، ئەرەبلەردە «ھەزىل - چاقچاق يامانلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر» دېگەن گەپ بار. تا قۇدرى-تىڭنىڭ بارىچە ھەزىل - چاقچاقتىن پەرھىز قىل. خۇشۇسەن، سوغۇق ۋە ناخۇش، يەنى كۆڭۈلسىز ھەزىل قىلماقتىن پەرھىز قىلغىن. ھەزىل قىلماقچى بولساڭمۇ، كىشىگە مەستلىك ھالىتىڭ-دە ھەزىل قىلما. پاراكەندىچىلىك، يەنى كۆڭۈل ئاغرىقى كۆپىنچە ھەزىل - چاقچاقتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، ھەزىل - چاقچاق — پاراكەندىچىلىكنىڭ سەرمايىسىدۇر. ناخۇش ۋە بىزەپ ھەزىل - چاقچاقتىن مەيلى مەستلىكتە بولسۇن، مەيلى ساق ۋاقتىڭدا بول-سۇن، شەرم تۇتقىن، يەنى ئۆزۈڭنى تارت. خۇشۇسەن، دامكا ۋە شاھمات ئوينىغان ۋاقتىڭدا ھەزىل - چاقچاقنى كەم قىل. چۈنكى، مۇنداق چاغدا ئارتۇقچە ھەزىل - چاقچاق ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خىجىل قىلىپ قويىدۇ ياكى قارشى تەرەپ چاقچىقىڭنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. دامكا ۋە شاھماتنىڭ تەبىرى «قۇرئان» ئايەتلىرى ۋە ھۆج-جەتلەردە دەلىل بىلەن زىكرى قىلىنغان. لېكىن، شاھمات پۇل تى-كىشىپ ئوينالسا، ھارامدۇر. دامكا ۋە شاھمات ئويناقنى ئادەت قىلىۋالما. مۇبادا ئوينىساڭمۇ، كەم - كەم ئوينا. ھەرگىز ئالتۇن - كۈمۈش يا قوش تىكىشىپ، يا مېھماندارچىلىقنى ھۆددە قىلىپ

شاھمات ئوينىما. شاھماتنى يەنە گەرچە پۇل تىكىشمىسەڭمۇ، قىمارۋازلىقتا مەشھۇر بولغان كىشىلەر بىلەن ئوينىما. مۇنداق كىشىلەر بىلەن شاھمات ئوينىساڭ، سەنمۇ قىمارۋازلىق بىلەن مەشھۇر بولىسەن، يەنى قىمارۋاز دېگەن ئاتاققا قالىسەن. ئەگەر ئۆزۈڭدىن چوڭراق كىشى بىلەن شاھمات ئوينىماقچى بولساڭ، چوڭلار ماڭمىغۇچە، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئورۇنغا قول تەگكۈزمە. مەست، بىپەرۋا، تېرىككەك ۋە ناپاكلار بىلەن ھەرگىزمۇ شاھمات ئوينىما. ئارىدا سەۋەبسىز نىزا - ئاداۋەت پەيدا بولمىغاي! ئويۇن ئۈستىدە قارشى تەرەپ ئەگەر خاتا يۈرۈپ قالسا، ئورۇقنى ئۇنداق ماڭدىڭ ياكى مۇنداق ماڭدىڭ، دەپ جېدەللەشمە ۋە ئورۇشما. گەرچە سۆزۈڭ راست بولسىمۇ، سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايمەن دەپ ئويۇن ئۈچۈن قەسەم ئىچمىگىن. دېگەنلىرىڭ ھەق بولسىمۇ، ئاڭلىغۇچىلار ئىشەنمەيدۇ.


مطایبه قیلماغلیق سرواد ورحلیکین فاحشه سوزدیماکلیک جایز بولماغای
بس اگر کشی گا مطایبه قیلسانک اوزونکدین کچراق خلقغه مطایبه قیلغیل
تا حشمتینک و اینک جوابی نینک [illegible] رسیده بولماغای سین اگر ناچار مطایبه
قیلور بولونک اوز هم سرلارینک بیله مطایبه قیلیشقیل تا اولارنینک عیب
و قبیحی بولماغای و هر سوزنی از روی مطایبه ایتور بولونک
شرع آمیز تکلم قیلغیل و کلام فحش دین پرهیز قیلغیل و هر نچه مطایبه
فحش دین خالی ایماس [illegible] آدم نی خوار و بی قدر و بی اعتبار قیلغوچی دور
و هر سوزنی کیم کیشیگا دیکونک ناچار اول سوزنی اینک دین اشیتکونک دور
[illegible]
اما هیچ کیم بیله جنگ قیلماغیل کیم جنگ و جدل اولوغلار صنعتی دین
خارج دور بلکه اول عین خاتونلار و کودکلار عادتی دور [illegible]
[illegible]
[illegible]

ئومۇمەن، بارچە يامانلىقنىڭ ئەسلىنى ھەزىل - چاقچاق دەپ بىل ۋە ئويۇن ئۈستىدە ھەزىل - چاقچاقتىن پەرھىز قىل.

ئەمەلىيەتتە، ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ھەزىل - چاقچاق قىلماق ئەيىبمۇ ئەمەس. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

ھەزرىتى ئائىشە — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ ئۆيىدە ياشانغان بىر ئايال بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئايال ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەر — ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولغاي — دىن سورىدىكى:


اصلح و آشتی نینک حاجتی بولماغای [illegible]
[illegible]
اوبدانراقی تواضع دور کیم خدای عزوجل نینک نعمت لاری نینک [illegible] تواضع
[illegible]
[illegible]

— يا رەسۇلللا، مېنىڭ يۈزۈم جەننەتلەرنىڭ، يەنى جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ يۈزى تەرەپتىمۇ ياكى دوزىخلارنىڭ، يەنى دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ يۈزى تەرەپتىمۇ؟

رەسۇل ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

— ھەرقانداق قېرى خوتۇن ھەرگىزمۇ جەننەتكە داخىل بولمايدۇ، — دېدى. ئۇ خوتۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆپتىن - كۆپ يىغلىدى. رەسۇل ئەلەيھىسسالام دەرھال:

— مېنىڭ سۆزۈم ھەرگىزمۇ يالغان ئەمەس. مەن راست ئېيتىۋاتىمەن. دېمەكچى بولغىنىم، ھېچبىر قېرى خوتۇن قېرىلىق ھالىتىدە جەننەتكە كىرمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىيامەت كۈنى مەيلى ئەر، مەيلى ئايال — ھەممىسى تىرىلىپ، گۆرلىرىدىن ياش ھالەتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ، — دېدى. قېرى خوتۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تىنچلاندى ۋە خۇشال بولدى.

دېمەك، يولدا قىلىنغان ھەزىل ۋە چاقچاق — راۋادۇر. لېكىن، بۇزۇقچىلىققا، يەنى زىناغا ئائىت سۆز، ھەزىل - چاقچاق جايىز ئەمەستۇر. بەس، ئەگەر كىشىگە چاقچاق قىلماقچى بولساڭ، چاقچاقنى ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە، يەنى مەرتىۋىسى ئۆزۈڭدىن تۆ-



ۋەنلەرگە قىلما. ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭگە، ئابرۇيۇڭغا نۇقسان يەتكۈزۈۋالىسەن. ناۋادا زۆرۈر بولۇپ قالسا، ھەزىل ـ چاقچاقنى ھەمسۆھبەت، سىرداشلىرىڭ ئارا قىل: ئەيىب سانالمايدۇ. ئەمما، چاقچاق قىلغاندا كۆڭۈلگە ياقىدىغان، شەرىئەتكە مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىشلەت. بۇزۇقچىلىققا، يەنى زىناغا ئائىت سۆزلەرنى دېمەكتىن پەرھىز قىل. چۈنكى، زىناغا ئائىت سۆزلەردىن خالىي بولمىغان، يەنى تاپتىن چىقىپ كەتكەن ھەزىل ـ چاقچاق ئادەمنى خار ۋە قەدىرسىز، ئېتىبارسىز قىلىپ قويىدۇ. سەن كىشىگە قانداق سۆزنى دېگەن بولساڭ، نۆۋەتتە سەنمۇ شۇنىڭ باراۋىرىدە جاۋابقا ئېرىشەسەن. ئەلۋەتتە، خەلقتىن كۈتىدىغان نەتىجەڭ، بەرگىنىڭگە يارىشا بولىدۇ! شۇڭا، چاقچاق تۈپەيلى كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ قالما. ئۇرۇشۇش ۋە جېدەللىشىش ئۇلۇغلارنىڭ ئادىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ خوتۇنلار ۋە گۆدەكلەرنىڭ ئادىتىدۇر. بەس، كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدا، ئارىدا ئىتتىپاقسىزلىق روي بېرىپ، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ياكى جېدەللىشىپ قالغۇدەك بولساڭ، جاۋابەن بىر نىمە دېگۇدەك، يەنى گەپ قايتۇرغۇدەك يولۇڭ بولسىمۇ، سۈكۈت قىل. ئىمكان بار دەرھال توگەتكىلى بولىدىغان ماجىرالارنى ئۇزاققا سوزما، سۈلھى تەرىقى بىلەن ھەل قىل ھەم ئاداۋەت ساقلىما. ئاداۋەت ساقلىماق، بىشەملىك قىلماق، شەرم ـ ھايانى قايرىپ قويۇپ جېدەل تېرىماق — پەس تەبىئەت كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر.



ھەركىم ئۈچۈن ئادەتلەرنىڭ ئۇبدانراقى — خوش مۇئامىلىلىكتۇر. خوش مۇئامىلىلىك ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر.

يەنە بىرسى، كىشىگە ھەسەت قىلما. كىشىگە سەۋەبسىز ئازار يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنىمۇ دېگۈچى بولما. چۈنكى، كىشىگە ئازار يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆز ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ. بەرھەق، شاراب ئىچمەك، ھەزىل ـ چاقچاق قىلىشماق يىگىتلەرنىڭ خاھىشىدۇر. لېكىن، ھەزىل چاقچاق ۋە ئىچكۈلۈك يەنىلا ۋاقتى ـ سائىتىدە، ئۆز ئەندىزىسى ئىچىدە بولغىنى تۈزۈك. ياخشىسى يىگىتلەرمۇ سەۋر قىلىپ، شاراب ئىچمەكتىن پەرھىز قىلغاي!

ھەركىم شارابنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنىڭ تاڭلا قىيامەتتە ھاسىل بولىدىغان جازاسىغا قارىتا ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ناھايىتى پەم بىلەن تەپەككۇر قىلسىلا، قاباھەت ۋە بەختسىزلىكتىن ئۆزگە ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ!

ئەمدى ئىچىملىك ۋە ھەزىل ـ چاقچاقنىڭ ئۆزگە ئەھكاملىرى ئىمكان قەدەر ئىشق بابىدا بايان قىلىنىدۇ.



ئاللا بۇيرۇسا!

## ئون تۆتىنچى باب
## ئىشق ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، كىشى تا مۇلايىم تەبىئەتلىك بولمىغۇچە ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى، ئىشقنىڭ ئۆزى مۇلايىملىقتۇر، يەنى كىشى خاراكتېرىنىڭ مۇلايىملىقىدىن ئىشق پەيدا بولىدۇ. «ھەر كىشى ئاتىسىغا ئوخشىسا، زالىم ئەمەس، يەنى مۇلايىم بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئىشق دېمەك — مۇلايىملىق دېمەكتۇر؛ مۇلايىملىق كىشى تەبىئىتىگە باغلىقتۇر. كۆرمىدىڭمۇ، ئاشىقلىق قېرىلارغا قارىغاندا ياشلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يىگىتلەرنىڭ تەبىئىتى قېرىلارنىڭ تەبىئىتىدىن يېقىملىقراق بولىدۇ. ئادەتتە قوپال تەبىئەتلىك ۋە مىجەزى ئېغىر كىشىدە ئاسانلىقچە ئاشىقلىق بولمايدۇ. ئىشق شۇنداق بىر ئىللەتتۇركى، ئۇ نازۇك روھلارغا كۆپرەك ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ھەر ئامال بىلەن ئاشىق بولماقتىن ساقلان. ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىلغىن. چۈنكى، ئاشىقلىق — بالالىق ئىشتۇر. خۇسۇسەن، يوقسۇللۇق ھالەتتە ئاشىق بولساڭ، يوقسۇللۇق تۈپەيلى مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن. ناۋادا شۇ ھالەتتە قېرىلار ئاشىق بولسا، تېخىمۇ شۇنداق، يەنى ھەرگىزمۇ مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، مەقسەت - مۇددىئا پۇلدىن بۆلەك ھېچنەرسە بىلەن ھاسىل بولماس!



بەس، يوقسۇل ياكى قېرى كىشىنىڭ ئاشىق بولمىقى — گويا ئۆزىنىڭ قېنىنى ئۆزى تۆكمەككە، يەنى ئۆز جېنىغا ئۆزى قەست قىلىشقا ئۇرۇنغانغا باراۋەردۇر. ئۇشبۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلگەن، بېيىت:

پۇلسىز ئېكەنىم بائىسىدىن چەكتىم دەرد،
پۇلسىز ئۈچۈن ئول يۈزىدىن قالدىم فەرد.
قىلدىم مىسلى ھالىما لايىق دەربەر،
بازارغا تۇھى بارسا تۇھى يانغاي مەرد.

بەس، ئەگەر ۋاقتى - سائىتى يېتىپ بىرەر كىشىگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالسا ھەم ئۇنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى بىلەن كۆڭلۈڭ خۇش بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھەمىشە شۇ كۆڭۈلنىڭ پەيىدە بولغىن. ئەمما، كۆڭلۈڭ ھەمىشە ئۇنىڭ ئىشق ھەۋىسىدە ھەيران ۋە جېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرتەن بولۇپ، شەھۋەت سۈرمەك تەقەززاسىدا سەرگەردان بولمىغىن، يەنى ھە



دېمەك ئىشق - مۇھەببەتكە بېرىلىپ كەتمە. ئۆزۈڭنى نەپسىڭ خاھىشىغا، يەنى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئاتىۋەتمە. بۇ خىل سۆپەت، يەنى نەپسى خاھىشىغا، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ئاقىللارنىڭ سۈپەتلىرىگە مۇخالىپتۇر. چۈنكى، ئاشىق يا ۋىسال دەردىدە بولىدۇ، يا پىراق ئازابىدا، يەنى ئاشىق بولغۇچى يا مەشۇق ۋىسالىدا ئەيش - ئىشرەت شەربىتىنىڭ كەيپىنى سۈرىدۇ، يا پىراق ئازابىدا دەردۇ مېھنەت زەھرىنى تېتىيدۇ. بىلگىنكى، بىر يىللىق ۋىسالنىڭ راھىتى بىر كۈنلۈك پىراقنىڭ دەردۇ مېھنىتىگە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، كۆڭۈلنىڭ دەردۇ مېھنىتى ۋە رەنج - مۇشەققىتى ئاشىقلىقنىڭ سەرمايىسىدۇر. نېمىلا بولسۇن، ئىشق دەردى، يەنى ئاشىق ئۆچۈن مەشۇق ۋىسالى كۆڭۈلگە دەسلەپ خۇشاللىق ئېلىپ كەلسە، ئايرىلغاندىن كېيىن ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ۋىسالىدا بولساڭ، يەنى ۋىسالغا ئېرىشمەكنى ئارزۇ قىلساڭ، ۋاھالەنكى مەشۇقۇڭ سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن بىخەۋەر بولسا، ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭگە ياقمايدىغان تۇرلۇك ناچار قىلىق ۋە خۇينى بايقىغىنىڭدا، ئۇ ۋىسال ۋىسال كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى پىراق بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنداق ۋىسال ئەينى پىراقتىنمۇ بەتتەر بولىدۇ، يەنى ۋىسالغا يەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەسسىلەپ خورلۇق ئازابىنى تارتىسەن. بۇ خىلدىكى ۋىسال ۋىسال شادلىقى ئەمەس، بەلكى پىراق، يەنى ئايرىلىش ئازابىدىنمۇ ئازابلىقراقتۇر. ئەكسىچە مەشۇقۇڭ پاكىز، يەنى پاك تەبىئەت، ھەتتا پەرىشتە خۇيلۇق بولسىمۇ، ھېچ ۋاقىتتا خەلقنىڭ مالامىتىدىن خالىي بولالمايسەن. چۈنكى، ئادەملەر شۇنداق قىلماققا، يەنى ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن. بەس، قولۇڭدىن كەلسە، ئۆزۈڭنى ئاشىقلىقتىن ساقلا، يەنى بىراۋغا ئاشىق بولماقلىقتىن ساقلان. ئەقىل ئىگىلىرى — ئاقىللاردىن ئۆزگىلەر ئاسانلىقچە ئىشقتىن پەرھىز تۇتالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، قانداقلا سەۋەب بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر كۆرۈش بىلەنلا بىراۋغا ئاشىق بولمىقى مۇمكىن ئەمەس. ئاۋۋال جامالىنى كۆز كۆرىدۇ، ئاندىن كېيىن كۆڭۈل مايىل بولىدۇ. ۋاقىتكى، كۆڭۈل مايىل بولغاندىن كېيىن تەبىئىتىڭ مايىل بولىدۇ. ئاندىن كېيىن كۆڭلۈڭ دىدارلاشماق، يەنى كۆرۈشمەكنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر سەن نەپسىڭنىڭ خاھىشىغا يول بېرىپ، كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرساڭ، ئەلۋەتتە يەنە كۆرمەك - كۆرۈشمەكنىڭ تەدبىرلىرىنى ئىزدەيسەن. كۆرۈشۈش ۋاقتى تەكرارلانغانسېرى، تەبىئىتىڭنىڭ مەيلى كۆپرەك كۆرۈشۈش ئۈستىكىدە بولىدۇ. نەتىجىدە كۆڭۈلنىڭ ھەۋىسى غالىب كېلىپ، ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشمەككە ئالدىرايدۇ. بەس، ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشتۈڭمۇ، بولدى، دەرھال تىلغا كېلىسەن، يەنى ئىشق - مۇھەببەت سۆزلىرى





ئارىغا چۈشىدۇ. سەن بىر سۆز سورايسەن. ئۇنىڭدىن جاۋابىنى ئاڭلايسەن. شۇنداق قىلىپ، گويا چاق بىلەن تاناپ بىر - بىرىنى شەرت قىلغاندەك، پۈتكۈل ئەقىل - ھوشۇڭ ئۇنىڭغا، يەنى ئىشقـنىڭ تانابىغا مۇستەھكەم بەند بولۇپ، ھەممە ئىشلاردىن توختايـسەن. جىننىڭ ۋە كۆڭلۈڭ ھەمىشە ئۇ چاقنىڭ ئۈستىدە توختىماي ئايلىنىپ سەرگەردان بولىسەن. ھەر ئامال بىلەن ئۇ سەرگەرداـلىقتىن ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇرماقچى بولساڭمۇ، لېكىن ھېچ ۋەج بىـلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. چۈنكى، بۇ چاغدا ئىختىيار ئىلـكىڭدىن پۈتۈنلەي كەتكەن بولىدۇ. ئىشقىڭمۇ كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولىدۇ. بەس، ئامالسىز كۆڭلۈڭگە باغلىنىپ قالىسەن. ئەمـما، تۇنجى قېتىم دىدارلاشقاندا، ئۇ گۈزەلنىڭ جامالىغا قاراشتىن ئۆزۈڭنى مۇھاپىزەت قىلساڭ؛ ئەگەر كۆڭلۈڭ تەقەززا قىلسا، ئەقلىڭنى كۆڭلۈڭگە پاسىبان قىلساڭ؛ تا مەشۇقىنىڭ ئىسمىنى تىلىڭغا ئالمىساڭ، كۆڭلۈڭنى باشقا بىر ئىشقا مەشغۇل ئەيلەـسەڭ، نەپسىڭ خاھىشىنى ھالال جۈپتۈڭ ئارقىلىق تىزگىنلەـسەڭ، كۆزۈڭنى ئۇنىڭ دىدارىدىن باغلىساڭ، يەنى كۆزۈڭنى مەـشۇقنىڭ دىدارىغا قاراشتىن توسساڭ، ھەممە رەنجىدىن بىر ھەپتەـدە خالاسلىق تاپالايسەن. لېكىن، بۇ چارە ھەر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلماقتا پەقەت ئەقىل ۋە پاراسەتتە يېگانە، ئىلىم - ھېكمەتتە تەڭداشـسىز كىشىلەرلا چارە ۋە تەدبىر قىلالايدۇ. ئىشق شۇنداق بىر ئىللەتتۇركى، بۇ ئاغرىقنىڭ داۋاسى توغرىسىدا مۇ-ھەممەد زەكەرىيا مۇنداق دېگەن: «ئىشقتىن ئىبارەت بۇ ئىللەتكە سەۋەب قىلماق ۋە بۇ ئىللەتنى يوق قىلماقنىڭ چارە - تەدبىرى روزا تۇتماق، يەنى تويۇپ تاماق يېمەسـلىك؛ ھەمىشە ئېغىر يۈك كۆتۈرمەك، يەنى بەدەنگە ئېغىر ئەمگەك مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىمەك؛ يىراق جايلارغا سەـپەر قىلماق؛ بەدەننى دائىم رىيازەت، يەنى مۇشەققەت بىـلەن تۇتماق؛ ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتى بىلەن كۆپرەك بىللە بولماق».



ئەمما، بىراۋنى دوست تۇتۇپ، ئۆزگە ھەۋەسلەردىن كېچىپ، خۇشاللىق ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن خالىس دىدارلاشساڭ، خىزمىتىدە بولساڭ مەقبۇلدۇر.

ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير — ئاللا ئۇ ئەزىزنىڭ سىرـلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — مۆمىنلەرگە، يەنى دوستـلىشىشقا لايىق كىشى توغرىسىدا تۆت نەرسىنىڭ لازىم ۋە ئەبەدىيلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان:

بىرىنچى، ھالال نانلىق، يەنى ھالال ئىشلەپ تۇرمۇ-



شىنى قامدىيالايدىغان بولۇش؛

ئىككىنچى، خۇلق ۋە مۇرۇۋۋەتتە دوستانە، باشقىلارغا ئوخشاش قارايدىغان بولۇش؛

ئۈچىنچى، ۋەيرانىلىق، يەنى ۋەيرانە بولسىمۇ تۇرغۇدەك ماكانى بولۇش؛

تۆتىنچى، ئەھلى ئايالى بولۇش.

بۇ مەزكۇر بولغان سۈپەتلەر بىلەن دۇرۇس سۈپەتلەنمەك ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتىگە يارىشا ۋاجىپتۇر.

ئەمما، دوستلۇق بۆلەك، ئاشىقلىق بۆلەكتۇر. ئىشقتا مۇپتىلا بولغان كۆڭۈل كەم ئارام تاپىدۇ، يەنى ئىشقتا مۇپتىلا بولغان كۆڭۈلنىڭ ھېچقانچە ئارامى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بىراۋ مۇنداق ئېيتقان، بېيىت:

بۇ ئىشقنىڭ ئوتى كۆڭلۈمە خۇش، ئەي دىلكەش،
كۆيدۈرگۈچى ئوتكىم يەتسە كىم بولغۇسى خەش.

بىلگىنكى، دوستلۇق كىشىنىڭ كۆڭلىگە ھەمىشە راھەت ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. كىمكى ئاشىقلىق بالاسىغا مۇپتىلادۇر، كۆڭلى دائىم مېھنەت ۋە مۇشەققەتكە بەند، ئۆزى راھەتتىن مەھرۇمدۇر.



ئەگەر يىگىتلىك ۋاقتىڭدا تاسادىپەن بىراۋغا ئاشىق بولۇپ قالساڭ، ئەل بىلگەن تەقدىردىمۇ «سېنى تېخى ياش ۋە نادانىدۇر، ئەقلى توشقاندا توۋا قىلسا، ئەجەب ئەمەس» دەپ ئەپۇ قىلىنىدۇ. بىراق، قېرىغان ۋاقتىڭدا ئاشىق بولماقتىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى، قېرىغان كىشىگە ھېچ ئۆزرە يوقتۇر. ئەگەر پادىشاھ بولساڭ، كۆڭلۈڭگە ئىشق ھەۋىسىدىن ھەرگىز يول بەرمە، يەنى ئاشىقلىق ھەۋىسىنى ھەرگىزمۇ خىيالىڭغا كەلتۈرمە. مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، ئىشقتىن پەرھىز قىل. پادىشاھ ۋە قېرىلار ئۈچۈن ئىشق ھەۋىسى قەبىھ ئاپەتتۇر.

ھېكايەت: شەمسۇل ـ مەئالى بوۋام ئىدى. بىراۋ ئۇنىڭغا: «بۇخارادا بىر سودىگەرنىڭ تولىمۇ گۈزەل بىر غۇلامى بار ئىكەن. باھاسى ئىككى مىڭ دىنار ئىكەن» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر ئەھمەد سەئىد ئەمىرنىڭ، يەنى بوۋام شەمسۇل ـ مەئالىنىڭ خىزمىتىدە ھازىر ئىدى. ئۇ:

— يا ئەمىر، بىر كىشى ئەۋەتىلسە، بېرىپ شۇ غۇلامنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسە، — دېدى.

ئەمىر دېدىكى:

— ئەي ئەھمەد سەئىد، ئۆزۈڭ بىلگىن!

ئەھمەد سەئىد بۇخاراغا باردى ۋە بىر دەللالغا ھاۋالە قى-



لىپ، ئۇ غۇلامنى هازىر قىلدى. ئاخىر ئۇ غۇلامنى مىڭ ئىككى يۈز دىنارغا ئېلىپ گورگانغا — ئەمىرنىڭ خىزمىتىگە كەلتۈردى. ئەمىر غۇلامنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى ۋە لۆڭگە بەردارلىق، يەنى قول يۇغاندا لۆڭگە بېرىدىغان خىزمەتكە تەيىنلىدى.

ئارىدىن نەچچە مۇددەت ئۆتتى. بىر كۈنى ئەمىر قولىنى يۇدى. غۇلام ئەمىرگە لۆڭگە تۇتۇپ بەردى. ئەمىر قولىنى سۈرتۈۋاتقاندا كۆزى ئۇ غۇلامغا چۈشتى. نەزەر سالغانسېرى غۇلام پادىشاھقا شۇنچە چىرايلىق كۆرۈندى. پادىشاھ لۆڭگىنى غۇلامنىڭ قولىغا ياندۇرۇپ بەردى.

سائەت ۋاقىت ئۆتتى. ئەمىرنىڭ ئەبۇل - ئاس ئاتلىق بىر ئالىم ۋەزىرى بار ئىدى. ئەمىر دەرھال ئۇ ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

— مەن بۇ غۇلامنى ئازاد قىلدىم، پالانى يەرنى ئۇنىڭغا بەردىم، دەستەك پۈتكىنكى، ئۇ يەر ئۇنىڭغا مىراس بولغاي ۋە مېنىڭ شەھىرىمدىن پۇقرالارنىڭ قىزلىرىدىن بىر قىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگىن، تا ساقىلى چىقمىغۇچە ئۆيىدىن چىقمىغاي! — دېدى.

ۋەزىر ئەبۇل ئاس ئالىم ئىدى. ئېيتتىكى:

— ئەي شەھرىيار، يارلىقلىرىنى جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلدىم. لېكىن، پادىشاھى ئالەمنىڭ ئۇشبۇ يارلىقنى چۈشۈرۈشتىكى رايى، تەقەززاسى ۋە مايىللىقىدىن غەرەز نېمىكىن؟ مۇمكىن بولسا، بۇ پەرماننىڭ مەنىسىدىن قۇللىرىنى ھەم خەۋەردار قىلغان بولسىلا.

— بۈگۈن بۇ قاتارلىق ئىشلار سادىر بولدى، — دېدى ئەمىر، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ۋەزىرگە بىر - بىر بايان قىلىپ، — مەندەك بىر پادىشاھنىڭ يەتمىش ياشقا كىرگەندە خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلمىقىم، پۇقرالارنىڭ ئاغزىنى پىتنە - پاساتتىن يىراق قىلىپ، ئۇلارنى تەرتىپكە كەلتۈرمىكىم، لەشكەر ۋە مەملىكەتنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن باش قاتۇرمىقىم لازىم تۇرۇپ، ئىشق ھەۋىسىنى قىلسام، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا، بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزرە ئېيتىشقا تىلىم قىسقا بولۇپ قالىدۇ، ھېچقاچاندا ئەپۇ قىلىنمايدۇ. ئەمما، ياشلار بۇ يولدا ھەرنېمە قىلسا، كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش مۇمكىن. بىراق، ئاشىقلىقنى زىيادە ئىزھار قىلماق — سىياسەت ۋە شانۇ شەۋكەتكە زىياندۇر.



ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەسئۇدنىڭ خاس جامەبەردارى، يەنى كىيىم - كېچەك باشقۇرىدىغان ئون غۇلامى بار ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا نوشتېكىن تەۋەججۇھ ئاتلىق بىرسى بو-



لۇپ، ئۇ گۈزەللىكنىڭ كانى ۋە يىگىتلىكنىڭ شاھىتى ئىدى. مەسئۇد ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە ئۆزگىلەردىن ئۆز-گىچە نەزەر بىلەن قارايتتى. كۆڭلىدە ئۇنى بەكلا دوست تۇتار ئىدى. تا نەچچە يىل ئۆتتى. ئۇ ئون ئەلىپ قەدلەردىن قايسىبىر شەھلا كۆزنىڭ كىرپىك ئوقى پا-دىشاھنىڭ جېنىنى زار ۋە يارا قىلغىنىنى، باغرىدىن قان ئاقتۇرۇپ، يۈزىنى لالىزار ئەيلىگىنىنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى. چۈنكى، پادىشاھ ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك ئېھسان ۋە ئىنئامنى ئۆز تەرتىپىدە پەرقسىز يەتكۈ-زۈپ، ھەممىسىگە ئوخشاش مېھرىبانلىق كۆرسىتەت-تى. شۇڭا، ھەر بىرى ئۆز كۆڭلىدە «پادىشاھنىڭ مەھ-بۇبى مەن بولىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئەمما، پادىشاھ-نىڭ مەقسىتى، يەنى ئويلايدىغىنى نوشتىېگىن ئىدى.

تا بەش يىل ئۆتتى. پادىشاھ ۋە نوشتىېگىننىڭ ھالىدىن ھېچكىم ۋاقىپ ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى پا-دىشاھ مەستلىك ھالىتىدە:

— سۇلتان مەھمۇد ئاتا دەللەپ بىرمۇنچە نەر-سىنى ئايازنىڭ نامىغا بېغىشلىغانىدى. بۈگۈن شۇ نەرسىلەرنى مېنىڭ ھەققىم ھېسابىدا نوشتىېگىننىڭ نامىغا پۈتكىن، — دەپ كاتىپقا يارلىق قىلدى.



بەس، پادىشاھنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ بەند ئەيلىگىنى نوشتىې-گىننىڭ ئۇتلۇق يۈزى ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن ۋە ئايان بولدى.

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، بۇ قىسسەنى ھەرقانچە ئۇزارتقىنىم بىلەنمۇ بېشىڭغا ئىشق سەۋداسى چۈشسە، مېنىڭ دېگەنلىرىم تە-رىقىسىدە ئىش قىلمايسەن. لېكىن، سېنى ئۆز ھال - ئەھۋالىم-دىن، يەنى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خەۋەردار قىلماق ئۈ-چۈنلا، بۇلارنى بايان قىلدىم. رۇبائىي:

ھەر ئادەمكىم، ھەياتۇ ناتىق بولغاي،
ئۆزرا يۈزىگە تالىبۇ ۋامىق بولغاي.
ھەركىمكى بۇ رەڭ ئەمەس، مۇنافىق بولغاي،
ئادەم ئەمەس، ئول خەسكى، نە ئاشىق بولغاي؟

مەن بۇ ھەقتىكى ئەپسانىلەرنى ھەرقانچە دېسەممۇ، بەربىر. ئەمما، سەن ئىشقتىن يىراق تۇر. ئاشىق بولمىغايسەن. بەس، ئە-گەر كىشىنى دوست تۇتساڭ، ئۇ شۇنداق زات بولغايكى، دوستلۇق-قا ئەرزىگەي. مەشۇقنىڭ چوڭقۇر پىكىر، پەم - پاراسەت ۋە ئىد-



چىكىلىكتە ئەتلىمۇس ۋە ئەپلاتۇنەدەك بولمىقى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغاي. يەنە گۆزەللىك ۋە چىرايلىقلىقتا يۈسۈف ئىبنى يەئقۇب ئەلەيھىسساالامدەك بولمىسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن شۇقەدەر مەنپەئەتى يەتكەيكى، تا ئۇ مەشۇق تۇپەيلى سېنى مالامەت قىلماقتىن خەلقنىڭ زۇۋانلىرى قىسقا بولغاي. ئومۇمەن، ھەر تەرەپتىن مۇۋاپىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولغاي. چۈنكى، زامان ئەھلى بىر ـ بىرىنى ئەيىب قىلماقتىن خالىي بولالمايدۇ.

بىر كىشى بىراۋدىن:

— ئەي بۇرادەر، سېنىڭ بىرەر ئەيىبىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— ھېچ ئەيىبىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا باشقىلاردا ئەيىب كۆرمىدىڭمۇ؟

— كۆردۈم، باشقىلاردا ناھايىتى كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم.

— بەس، — دېدى سوئال سورىغان كىشى، — ئۆزۈڭنى پۈتكۈل ئەلنىڭ ئەيىبلىكراقى بىلگىن!

يەنە، ئەگەر كىشىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارساڭ، ئۇ ھالدا ئۆز جۈپتۈڭنى ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ بارما. ناۋادا بىللە ئېلىپ بارساڭ، باشقىلار ئالدىدا ئارتۇقچە ھەزىل ـ چاقچاق قىلما، زىيادە كۆڭۈل باغلىما، مەيلىڭ ۋە رىغبىتىڭنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە. ئۇنى كىشى كۆرۈش بىلەنلا يەپ كەتمەيدۇ. ناۋادا مەجلىس ئەھلىگىمۇ خۇددى ساڭا قىلغاندەك دىلكەش ۋە يېقىملىق نازاكەت كۆرسەتسە، باشقىچە ئوي ـ خىيالدا بولما. بۇ ھەقتە شائىرلار مۇنداق ئېيتقان، بېيىت:



ئەي ـ ۋاي، مېنىڭ ھالىم، ئەگەر سەن ھەممە كۆزگە
بۇ رەڭ كۆرۈنۇرسەنكى، مېنىڭ كۆزۈمە رەئنا.

بەلكىم، شۇ قىلىقلىرى بىلەن مەشۇقۇڭ سېنىڭ كۆزۈڭگە زىبا، يەنى چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە قورقۇنچلۇق، يەنى سەت كۆرۈنۈشى مۇمكىن.

ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا مەجلىستە ئۇنىڭغا، يەنى مەشۇقۇڭغا قەنت ـ گېزەك ئاتىدىغان، سائەتتە بىر قىچقىرىپ، سۆز قېتىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ سىر دېشىدىغان ئىشلارنى قىلما. گەرچە ئۇنىڭغا پايدا ياكى زىيان توغرۇلۇق سۆزلىگەن بولساڭمۇ، لېكىن باشقىلار ئىشق ۋە شەھۋەتپەرەسلىك، يەنى ئەيش ـ ئىشرەت توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتامدىكىن، دەپ گۇمان

قىلىپ قالىدۇ.

ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.



اول باسورولر

## ئون بەشىنچى باب
## ئۆز جۈپتى بىلەن جىما قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، قاچانكى جۈپتۈڭگە مەيلىڭ بولسىمۇ، مەيلى مەستلىكتە بولسۇن ياكى ساق ھالىتىڭدە بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن دايىم جىماغا مەشغۇل بولما. ۋاقتىڭكى، پۈشتۈڭدىن بىر تامچە جۇدا بولسا، بىر جانغا زامىندۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبتۇر.

بەس، ئەگەر جىما قىلماقچى بولساڭ، مەستلىك ھالىتىڭدە قىلما. مەستلىكتە جىما قىلىش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. ئەمما، خۇمار قىلغان، يەنى كۆڭۈل تەقەززا قىلغان ۋاقىتتا جىما قىلغاننىڭ زىيىنى يوقتۇر.

بىراق، كۆڭۈل خالىغان ۋاقىتتا ھەم جىما قىلما. ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى، ھايۋان ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ھەر ئىشنى قىلغاندا ۋاقىت قارىشى بولىدۇ. مانا بۇ ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ بەلگىلىك پەرقىدۇر.

شۇڭا، بەزىدە خوتۇنلاردىن مەيلىڭ ۋە رىغبىتىڭنى ئۈزۈپ، بىرەر ئىش - كەسىپ بىلەن مەشغۇل بول. تا ھەر ئىككى جەھەتتىن مەنپەئەت ھاسىل قىلالايسەن. دېمەكچىمەنكى، ئۆزۈڭنى بەك يۇقىرىمۇ تۇتما، يەنى ھەرقانداق بىر ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە، بەك تۆۋەنمۇ تۇتما. سالامەتلىك، خاتىرجەملىكنى ئىزدىسەڭ «ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى» دالالىتى بويىچە ئىش تۇت. چۈنكى، كۆپ، يەنى چەكتىن ئاشقان جىما زىيانلىقتۇر. ساقلىق ۋە سالامەتلىك ھەر ئىشنىڭ نورمال ھەم مۇۋاپىق بولۇشىغا باغلىقتۇر. قاچانكى، زوقۇڭ ۋە رىغبىتىڭ غالىب كەلگەن، جىماغا مەيلىڭ بولغان، يەنى جىما قىلماقنى خالىغان ۋاقتىڭدا ئايالىڭ بىلەن بىللە بولساڭ، زەرىرى بولمايدۇ. ئەمما، تەكەللۇپ تۈپەيلى زورۇقۇپ قىلىنغان جىما كۆپ زىيانلىقتۇر. بىراق، تەبىئىتىڭ خاھى ئۇرغۇپ تۇرسۇن، خاھى سۇس، زىمىستاننىڭ قاتتىق سوغۇق پەسلىدە (كۈزلىرىدە) ۋە تومۇزنىڭ قاتتىق ئىسسىق پەسلىدە (كۈنلىرىدە) جىما قىلماقتىن مۇتلەق ساقلان. خۇسۇسەن، بۇ ئىككى پەسىلدىكى، يەنى بۇنداق كۈنلەردىكى جىما بەكلا زىيانلىقتۇر. قىسقىسى، قېرىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.



ئەمما، ئەيش - ئىشرەت قىلماقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى — باھار پەسلىدۇر. بۇ چاغ ھاۋا مۆتىدىل، دەريا - ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلارنىڭ سۈيى كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان، ئاسمان بۇلۇتلىرى



يامغۇر ئۇنچىلىرىنى چاچقانلىقتىن سارغايغان قىرى زېمىن يېشىل تونلارغا پۈركىنىپ ياشىرىشقا باشلىغان، گۈزەل يار، يەنى كاككۇك ئىشقىدا زېنىپ دىۋانە، مۇھەببەت مارجانلىرى گويا گەدەنلىرىگە زەنجىردەك بەند قىلىنىدىغان، گۈل شەۋقىدە بۇلبۇل خوش ئاۋاز سايراۋاتقان، چىمەن سازەندىلىرى، يەنى قۇشلار چىمەن ئارا يۈزمىڭ تۈرلۈك شادلىق ناۋاسىنى ياڭرىتىۋاتقان، ئەتراپىنى پورەكلەپ ئېچىلىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان غۇنچىلارنىڭ خوش ھىدى قاپلىغان، ئۈچەكتىكى ئالەم يېڭىباشتىن جانلىنىپ ياشىرىشقا يۈز تۇتقان چاغدۇر. بەس، خازان بولغان گۈل - گىياھلار سولغان، روھسىز تېنىمىز گويا ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپەسىدەك قايتىدىن ھاياتلىق — كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى شۇبۇ ئىللىق باھار تەسىرىدىن كۈزدە قۇرۇپ، باھاردا كۆكەرگەن دەرەخ كەبى جانلىنىپ، قۇۋۋەت تېپىپ، مۇتىدىل ھالەتكە كىرىدۇ — مىزاج تەڭشىلىدۇ. تومۇرلارغا قان تولىدۇ. ئادەم بەدىنىدە مەنىي ئۇلغىيىپ، كۆڭۈل تەقەززاسى بىئىختىيار كۆچىيىدۇ. بەس، ئىشتىھا زىيادە ۋە غالىب بولغان، كۆڭلى خالىغان مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا جىما قىلسا، زەرەرى ئازراق بولىدۇ.



يەنە يازنىڭ ئىسسىق ۋە قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە قان ئالدۇرماق تولىمۇ زىيانلىقتۇر. مۇنداق بىنورمال پەسىللەردە ھەرگىز قان ئالدۇرمىغىن. ئەگەر مىزاجىڭدا قېنىڭنىڭ زىيادە ئارتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولسا، مۇۋاپىق شەربەت ۋە خىل كېلىدىغان تائام ئارقىلىق تىزگىنلە. ياز ۋە قىشتا زىيان قىلىدىغان، يەنى ۋاقىت - پەيتكە ماس كەلمەيدىغان تائاملارنى يېمە. بۇ توغرىدا قىسقىراق سۆزلەشنى مۇۋاپىق تاپتىم. چۈنكى، ئۇشبۇ مۇقامدا سۆزنى ئۇزارتماق، ئارتۇقچە سۆزلىمەك بىھاجەتتۇر.

ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!

## ئون ئالتىنچى باب
## ھامامغا بارماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھامام (مۇنچا)غا بارماققا ھاجىتىڭ چۈشسە، يەنى ھامامغا بارماقنى ئىختىيار قىلساڭ، قورسىقىڭ بەك توق ۋاقىتتا بارما. توق قورساق ھامامغا بېرىش زىيانلىقتۇر. يەنە ھامامدا جىما قىلما. خۇسۇسەن ھامامنىڭ ئىسسىق ئۆيىدە جىما قىلمىغان تۈزۈك. بۇ توغرىدا مۇھەممەد زەكەرىيا: «توق قورساق ھامامغا بارغان ۋە ھامامدا جىما قىلغان كىشى-

لەرنىڭ ئۆلمەي ھايات يۈرگىنىگە ھەيرانمەن!» دېگەنىدى.

ئەمما، ھاممام بەدەندىكى تۇسالغۇلارنى ئېچىپ، مىجەزنى تەڭشەيدۇ، كەيپىياتنى ياخشىلايدۇ.

ھاممامنىڭ خاسىيىتىنى بايان قىلىش لازىم بولسا، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ھۆكۈمالارنىڭ ھېكمەت بىلەن بىنا قىلغان ئىمارەتلىرى ئىچىدە ھاممامدىن خاسىيەتلىكرەك ئىمارەت يوقتۇر. بىراق، ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ھاممامغا ئىككى كۈندە بىر قېتىم بارغان مۇۋاپىقتۇر. ھەر كۈنى بېرىش بەدەنگە پايدىسىزدۇر. چۈنكى، ھاممامغا ھەر كۈنى بارغاندا، يەنى ھەركۈنى مۇنچىغا چۈشكەندە، كىشىنىڭ پەيلىرى يۇمشاپ، بېغىشلىرى بوشىشىپ كېتىدۇ. تەبىئىتى ئادەتلىنىپ قېلىپ، ھەركۈنى ھاممامغا بارماقنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىر كۈن بارماي قويساڭ، بەدىنىڭ گويا بىتاپ، ئاغرىق كىشىنىڭ بەدىنىدەك بولۇپ قالىدۇ ھەم قەۋزىيەت بولۇپ قالىسەن. شۇڭا، ھاممامغا ھەر ئىككى كۈندە بىر مەرتەم بېرىش بەدەنگە پايدىلىقتۇر ۋە ئادەمنى «ياسانچۇقلۇق»تىن يىراق قىلىدۇ!

قاچانكى، ھاممامغا بارساڭ، ئاۋۋال ھاممامنىڭ سۇرۇن ئۆيىدە بىر پەس تورۇۋال، تا تەبىئىتىڭ ئۇ ئۆينىڭ سالقىن ھاۋاسىدا راھەت تاپقاي؛ ئاندىن ئوتتۇرانچى ئۆيگە كىرىپ ئۇزاقراق ئارام ئال، تەبىئىتىڭ شۇ ئۆينىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈككەي. ئاندىن كېيىن ئىچكىرىكى ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ بىر سائەتچە ئولتۇرۇپ، ئارام ئېلىپ باش ـ كۆزۈڭنى يۇغىن. ئەمما، ھاممامدا بەك ئۇزاق ھايال بولما. يۇيۇنغاندا ھاممامنىڭ سۈيى بەك ئىسسىقمۇ ۋە بەك سوغۇقمۇ بولمىغاي، بەلكى مۆتىدىل بولغاي. ئەگەر ھاممام كىشىلەردىن خالىي بولسا، يەنى ھاممامدا ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭ، تولىمۇ غەنىيمەت بىلگىن. ۋاقتىكى، غۇسلى ۋە تاھارەتتىن پارىغ بولۇپ، ھاممامدىن چىقماقچى بولساڭ، ئاۋۋال چاچ ـ ساقاللىرىڭنى ئوبدان قۇرۇتۇپ، ئاندىن تاشقىرى چىق. چاچ ـ ساقىلىڭنىڭ سۈيىنى ئاقتۇرۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ خىزمەتلىرىگە بارساڭ، بىئەدەپلىك بولىدۇ.

ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئون يەتتىنچى باب
## ئۇخلىماق ۋە ئارام ئالماقنىڭ بايانى

بىلگىنكى، رۇم ھۆكۈمالىرى ئادىتى بويىچە يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاممامدىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، ھاممامنىڭ كىيىم ساقلاش ئۆيىدە بىر سائەت ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ. لېكىن، ئۇلاردىن باشقا قەۋمدا بۇنداق ئادەت يوق. ئەمما، ھۆكۈمالار ئۇيقۇنى «مەۋتۇل ـ ئەسغەر» (كىچىك ئۆلۈم) دەپ ئاتايدۇ. سەۋەبى شۇكى، ئۇخلاپ قالغان كىشى بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئالەم ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقتۇر. پەرقى شۇكى، بىرسى نەپەسلىك، يەنى نەپىسى بار ئۆلۈك؛ يەنە بىرسى نەپەسسىز ئۆلۈكتۇر. دېمەك، كۆپ ئۇخلىماق ياخشى ئادەت ئەمەس. چۈنكى، نورمىدىن تاشقىرى ئۇيقۇ بەدەننى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىپ قويىدۇ، مىجەزنى ئوسال‌لاشتۇرۇۋېتىدۇ، بولۇپمۇ رەڭگىروينى سەتلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ھۆكۈمالار مۇنۇ ئالتە نەرسە ئادەمنىڭ رەڭگىروينى سەتلەشتۇرۇۋېتىدۇ، دېگەن:

بىرىنچى، تويۇقسىز كەلگەن خۇشاللىق؛ ئىككىنچى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن غەم ـ قايغۇ؛ ئۈچىنچى، ئاچچىق، يەنى غەزەپ؛ تۆتىنچى، ئۇيقۇ؛ بەشىنچى، مەستلىك؛ ئالتىنچى، قېرىلىق.

ۋاقتىكى، ئادەم قېرىغاندا ئۆز سۈرىتىدىن ئۆزى قۇسۇر تېپىپ، ئۆزىگە ئۆزى باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇخلىغاندا بولسا مۆردىنىڭ ھالىتىدە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىرسى، مۆردىغا قەلەم، يەنى ھۆكۈم يۈرمەيدۇ؛ يەنە بىرسى، ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە قەلەم (ھۆكۈم) يۈرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابنىڭ ساھىبى ئېيتىدۇكى، شېئىر:

كۆپ جەۋر ئىلە قەددىمنى گەر قىلدىڭ خەم،
مېھرىڭنى كۆڭۈلدىن ئەتمەگۈم زەررەئى كەم.
زۇلم ئىلە سېنىڭدىن ئۆتمەگۈم شۇھرەئى زەم،
سەن ئۇيۇقۇدا نايىمغە چېكىلمەيدۇر قەلەم.

دېمەك، كۆپ ئۇخلىماق قانچىلىك زىيانلىق بولسا، ئۇخلىماسلىق ھەم شۇنچىلىك زىيانلىقتۇر. ئەگەر ئادەمنى زورلۇق بىلەن يەتمىش ئىككى سائەت ئۇخلىغىلى قويماي، ئويغاق تۇتساڭ، ساراڭ بولۇشى، ھەتتا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى ۋە ئەندىزىسى بولغىنى تۈزۈك. ھۆكۈمالار ئېيتىدۇكى: «بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەتتۇر. ئۇشبۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىدە ئويغاق بول. بىر ھەسسىسىدە ئۇخلىغىن. بەس، سەككىز سائەت ھەق سۇبھانە ۋەتائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولۇپ، ئادالەت بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا يەتمەككە تىرىش. سەككىز سائەتنى ھالال ئەمگەك ۋە خىزمەتكە سەرپ قىل. يەنە سەككىز سائەتتە ئارام ئالغىن. ئۆتكەن ئون ئالتە سائەتتىكى ھەرىكەتتىن بەدەنگە يەتكەن تۈرلۈك مالامەت، ھارغىنلىقلارغا خاتىمە بېرىلىپ، سالامەتلىكىڭ ئۆز ھالىغا قايتىدۇ». ئەمما، جاھىللار بۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ يېرىمىدا ئۇخلايدۇ، يېرىمىدا ئويغاق يۈرىدۇ. ئاقىللار بولسا بىر ھەسسىسىدە ئۇخلاپ، ئىككى ھەسسىسىدە ئويغاق يۈرىدۇ. شۇڭا، ھەر كىم ھۆكۈمالارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش تۇتسا، ھەر سەككىز سائەتتە ئۆزگىچە ھال ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

شۇنىمۇ بىلگىنكى، خۇدايىتائالا كېچىنى بەندىلىرىگە ئاسايىش ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئاللا شۇنداق دەيدۇ: «كېچىنى ئارام ۋە ئاسايىش ئۈچۈن پەيدا قىلدىم، كۈندۈزنى مەئىشەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدىم»[1].

دەرھەقىقەت، ئادەمنىڭ تىرىكلىكى جان ۋە تەن بىلەندۇر، يەنى ھاياتقا سەرمايە بولغۇچىنىڭ بىرسى جان، بىرسى تەندۇر. جان بىلەن تەن ئالتە خاسىيەت بىلەن ئۆرىدۇر. مەزكۇر ئالتە خاسىيەتنىڭ ئۈچى جانغا، ئۈچى تەنگە تەئەللۇقتۇر.

جانغا تەۋە ئۈچ خاسىيەت: تىرىكلىك، ھەرىكەت قىلالماقلىق ۋە يېنىكلىكتۇر.

تەنگە تەۋە ئۈچ خاسىيەت: ئۆلمەكلىك، جىم تۇرماقلىق ۋە ئېغىرلىقتۇر.

مادامىكى، جان بىلەن تەن بىر يەردە بولسا، جان ئۆز خاسىيەتلىرى بىلەن تەننى مۇھاپىزەت قىلىپ، گاھى تەننى ئىشقا كەلتۈرىدۇ، گاھى ئۆز خاسىيىتى بىلەن تەننى ئىشتىن توختىتىدۇ، ھەتتا غەپلەتكە قارام قىلىدۇ. ۋاقتىكى، تەن ئۆز خاسىيىتىنى ئاشكارىلىسا، ئۆلمەك، ئېغىر بولماق، يەنى مىدىرلىيالماسلىق، توختاپ قالماق، يەنى ھەرىكەتتىن قالماقلىقتەك ھالەت يۈز بېرىدۇ. بۇ گويا تەننىڭ ئۇخلىغىنىغا، يەنى ئۆي بىراقلا ئۆرۈلۈپ چۈشسە، ئۆي ئىچىدە بارلىقى نەرسىنى بېسىۋېلىپ، ھەممىنى ئۆز ھالىغا قويماي توختىتىپ قويغىنىغا ئوخشاش.

بەس، تەن يىقىلسا، تامام روھنى بېسىۋالىدۇ، يەنى تەننىڭ روھى توختايدۇ — قۇلاق ئاڭلىمايدۇ، كۆز كۆرمەيدۇ؛ يا تەمنىڭ ئاچچىق ـ تاتلىقلىقىنى تېتىپ بىلىش، يا تۇتۇش، سىيلاش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، قاتتىق ـ يۇمشاقلىقىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، سۆزلەشتىن قالىدۇ. بەس، ھەرقايسىسى ئۆز ماكانىدا ئۇخلىغاندا، يەنى ھەرىكەتتىن توختىغاندا، تەن يىقىلىپ، يەنى ھەرىكەتتىن قېلىپ، باشقا ئەزالىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختىتىدۇ.

قىياس قىلىپ باق. گەرچە تەن ئۇخلىسىمۇ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە خىيال ئۆز جايىدىن تاش-

① «قۇرئان كەرىم» 30 ـ پارە، سۈرە «نەبە»، 10 ـ، 11 ـ ئايەتلەر.

قىرى، يەنى ئويغاق ھالەتتە تۇرىدۇ. نۆۋىتىدە خىيال سەير قىلىپ، تۇيغۇ تەسىرىدىن كىشى چۈش كۆرىدۇ. ھەتتا كۆرگەن چۈشى خاتىرىسىدە قالىدۇ. ئويغانغان ھامان چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر جان بىلەن تەن ئۆز جايىدا جىم تۇرسا ياكى جان بىلەن تەننىڭ پائالىيىتى ئوخشاش بولسا ئىدى، تەن ئۇخلىغاندا ھەممىنى ھەرىكەتتىن بىراقلا توختىتاتتى — كىشى چۈشىمۇ كۆرمەيتتى، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئېسىدىمۇ ساقلىيالمىغان بولاتتى. ئەگەر نۇتۇق ھەم ئۆز ماكانىدا، يەنى تەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، تەن ئۇخلىيالماس ئىدى. ئەگەر كىشى ئۇخلاۋاتقان ھالەتتىمۇ سۆزلەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇيقۇ مۇتلەق ئۇيقۇ بولماس ئىدى، يەنى ئۇيقۇنىڭ ئۆزىمۇ بولمىغان، راھەت ۋە ئاسايىشمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

دېمەك، جانلىقلارنىڭ ئارام ۋە راھىتى ئۇيقۇدا ھاسىلدۇر. بەس، ئۇلۇغ ئاللا ھەممە نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ياراتقان. شۇڭا، كۈندۈزدىكى ئۇيقۇدىن ئىمكان بار يىراق بولماق لازىمدۇر. ئەگەر ۋاز كېچەلمەسەڭ، ئازغىنا ئۇخلىۋالساڭ جايىزدۇر. بىراق، ئۇيقۇ سەۋەبلىك كۈندۈزنى كېچە قىلىۋېلىش ھېكمەت جۈملىسىدىن ئەمەس. ئەمما، ئۇلۇغلارنىڭ ئادىتى بويىچە تومۇز پەسلىدە چۈشتە خىلۋەت جايدا ھەممىدىن ئامراق ۋە بارچىدىن مەرغۇپراق كىشىسى بىلەن بىرەر سائەت ئارام ئېلىپ، ئاندىن قۇياشنىڭ ھارارىتى پەسىيىپ ھاۋا سالقىنلىغاندا، تاشقىرىغا چىقىپ باشقا ئىشلارغا مەشغۇل بولغىنى مۇۋاپىق.

قىسقىسى، كىشى ئۆمرىنى ئىمكان بار ئويغاقلىقتا، يەنى ئازراق ئۇخلاپ، كۆپ مەشغۇللۇق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشمىقى لازىم. چۈنكى، كۆپ ئۇخلىغان ئادەم ئىلگىرى باسالمايدۇ. قاچانكى راھەت تاپماق ئۈچۈن بىر مەھەل ئۇخلىماقنى ئىرادە قىلساڭ، شۇنداق بىرسى بىلەن ئۇخلىغىنكى، ئۇنىڭ قۇچاقلىشى، يەنى مېھىر - مۇھەببىتى روھىڭنى غەم - قايغۇدىن بىر يولى خالاس قىلىپ، ساڭا پاك مۇھەببىتى، چەكسىز شادلىقى بىلەن دوستلۇق ئاتا قىلىدىغان بولغاي!

مەلۇمكى، ئۇخلاپ ياتقان كىشى بىلەن ئۆلۈكنىڭ ھۆكۈمى بىردۇر. چۈنكى، ھەر ئىككىسى ئالەمدىن، يەنى ئالەم ئىشلىرىدىن بىخەۋەردۇر. لېكىن، بىرسى ھايات ئۇيقۇدا، بىرسى ئۆلۈك ئۇيقۇدادۇر. ئەمما، ئۇيقۇدا ياتقان بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرسى زۆرۈرىيەتتىن ئاجىزلىق ۋە چارىسىزلىق تۈپەيلى تەنھا ئۇخلايدۇ؛ يەنە بىرسى ئۇ دەرىجىدە بىچارە ۋە چارىسىزمۇ ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، تەنھا ئۇخلىماقنى نە سەۋەبتىن ئىختىيار قىلىسەن؟!

بەس، كارىۋىتىڭدا ھەر ۋاقىت بىر ئۆلپەت — جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى بىلەن بىللە ئۇخلا. تا تىرىكلەر ئۇيقۇسى بىلەن ئۆلۈكلەر ئۇيقۇسى ئارىسىدا پەرق بولغاي! لېكىن، سەھەر قوپماقنى ئادەت قىلغىن. خۇدايىتائالانىڭ پەرھىز - نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىل. بىلگىنكى، كۈن بىلەن تەڭ، يەنى كۈن چىققاندا ئورنىدىن تۇرىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ رىزقى كەم ۋە قولى قىسقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بامدات نامىزىنىمۇ قازا قىلىدۇ. بۇنىڭ شۇملۇقى تۈپەيلى رىزقىغا تەسىر يېتىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. بەس، ھەركىم رىزىق تاپاي دېسە، سەھەر تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلماققا تىرىشقاي؛ ئاندىن كېيىن باشقا ئىشلارغا مەشغۇل بولغاي. ئەگەر بامدات نامىزىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن قىلغۇدەك باشقا ئىش بولمىسا، شىكار قىلماقنى ئىرادە قىلسىمۇ جايىز ۋە راۋادۇر. چۈنكى، شىكار ھەم لەشكىرىي ئىشلارنىڭ بىر تۈرىدۇر.

داۋامى كېيىنكى ساندا

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئەھەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا،
ئىلھام ئابدۇللا پوسكام ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

# ئوقۇماق ۋە يازماق ھەققىدە ئىككى پارچە تېكست

ئوقۇماق ۋە يازماق ھەققىدە كونا ئۇيغۇرچە بۇ ئىككى پارچە تېكست 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلى دامولللىنىڭ ئەنگلىيە كونسۇلى ۋە شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن ماتېرىيالى بولۇپ، شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گۇستاف رەكۋېيت (1875 ــ 1945) «شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ گىراماتىكىسى» دېگەن كىتابىنى تۈزۈشتە پايدىلانغان. كېيىن بۇ تېكىستلەر شىۋېت مىسسىيونېرلىرى-نىڭ قەشقەردىن ھەيدىۋېتىلىشى بىلەن باشقا ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار قاتارىدا شىۋېتسىيەگە ئېلىپ كېلى-نىپ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ياررىڭ (Gunnar Jarring، 1907 ــ 2002) قول يازمىلار مەركىزىگە قويۇلغان. 1978 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ مەزكۇر قول يازمىلار فوندىدىكى ماتېرىياللارنى رەت-لەۋاتقاندا بۇ تېكىستلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قايتىدىن كىتاب نومۇرى قويۇپ «مۇھەممەد ئەلى دامولللا نامى-دىكى 207 ـ نومۇرلۇق قول يازما 1 ـ 2» نامىدا ئارخىپ تۇرغۇزغان. 1995 ـ يىلى گۇننار ياررىڭنىڭ ھاۋالىسى بىلەن دانىيەلىك تۈركولوگ ۋولفگاڭ سىچارلىپ (Wolfgang-E. Scharlipp) تېكىستلەرنى ئوقۇپ ۋە ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، گېرمانىيەدە چىقىدىغان «تۈركىي تىللار» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇرغان.

بۇ تېكىستتە كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشتىكى قائىدىلەر، ئەدەپلەر، قەغەز ياساش تېخنىكىسى قا-تارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن. گەرچە قىسقا بولسىمۇ، بىراق ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللىق رولىنى ئوينىشى مۇمكىن، دېگەن مەقسەتتە ئەس-لىي يازما ھۆججەتكە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

## ئوقۇش ھەققىدە

يەشمىسى: ئوقۇغاندا ھەممىدىن مۇھىم ئىش شۇكى، كۆڭۈل قويۇش ۋە چىن كۆڭلى بىلەن ئوقۇش. پەقەت كۆزنىڭ كۆچى ئاجىزلىق قىلىدۇ. كۆپىنچە ئادەمنىڭ كۆزى خەتتە، كۆڭلى باشقا يەردە بولسا ئې-غىزىدىن باشقا سۆز چىقىپ كېتىدۇ.

كىتابنى ئېچىپ بىر سەھىپىنى ئوقۇغاندا، ۋاراقنى ئوڭ قول تەرەپكە ئۆرۈگەي. ئوقۇغاندا، مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇغاي. پۈتۈلگەن سۆزدە بىر نۇقتا ياكى بىر-ئىككى جۈملىدە خاتا كەتكەن جاي بولسا، پۈتۈلگەن سۆزنىڭ باش ـ ئاخىرىنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئاندىن پەرقىنى تاپقىلى بولۇر. شۇڭا، ھەممە نەرسىدىن كۆ-

ڭۆلنىڭ كۆچى چوڭ بولىدۇ.

خەتنىڭ شەكلى بىرقانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسىم خەتنى نەستەلىق دەيمىز. شۇ خەت بىلەن يېزىلغان كىتابلارنى نەستەلىق خەت دەيمىز. يەنە بىر قىسىم خەتنى نەسخ خەت دەيمىز. ئۇ خەت قۇرئان ۋە ئىنجىلغا پۈتكەنلىكتىن نەسخ خەت دەپ ئاتالغان. يەنە بىر قىسىم خەتنى كۇفى خەت ياكى سۇلۇس خەت دەيمىز. بۇنداق خەت بۇ تەرەپلەردە ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. تۇڭگانلار كۇفى خەتنى ئىشلىتىدۇ. يەنە بىر قىسىم خەتنى شىكەستە ئامىز دەيمىز. بۇ خەتنى پارسلار ئىشلىتىدۇ. يەنە ھىندىستان ۋە كابۇللۇقلارمۇ دۇئايى سالاملارغا شىكەستە ئامىز خېتىنى ئىشلىتىدۇ. ھازىر كاشغەر ۋە بۇ ئالتە شەھەردە دەپتەر ۋە دۇئايى سالام خەتلىرىدە ئىشلىتىپ تۇرغىنى نەستەلىق خېتىدۇر.

خەت ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى: خەت ئوقۇغاندا خەتنى كۆزگە بەك يېقىن تۇتۇپ ئوقۇشنى ئادەت قىلمىغاي. كېيىن نېرى تۇتۇپ ئوقۇي دېسە، ئوقۇيالمايدۇ، شۇنداقلا يەنە بېشىنى مىدىرلىتىپ خەت ئوقۇشنى ئۆزدگە ئادەت قىلمىغاي. بۇ بىر ئەيىبدەك كۆرۈنىدۇ. باشتا قانداق ئوقۇپ ئادەتلەنگەن بولسا شۇنداق ئۆگىنىپ قالىدۇ. يەنە بىر شەرت شۇكى، بىر سۆزنىڭ ئاخىرىنى يەنە بىر سۆزگە قېتىپ ئېلىشتۇرۇپ ئوقۇمىغاي. ھەر سۆز تۈگىگەندە بىردەم توختىۋېلىپ، يەنە بىر سۆزنىڭ بېشىنى باشلىغاي. سۆز ئوقۇغاندا سۆزنى تولۇق، مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇغاي.

## يازماقنىڭ بايانى

پۈتۈكچىنىڭ زۆرۈر لازىمەتلىكلىرى

(1) پىششىق قومۇشنى قەلەمتىراش بىلەن قىرقىپ ئۇچىنى يېرىپ قەلەم ياسىلىدۇ.

(2) چىراغ ئىسى ياكى گۈرۈچنى قورۇتۇپ كۆيدۈرۈپ سىياھ ياسىلىدۇ.

(3) دۇۋەت، يەنى سىياھ قۇيۇلىدىغان قاچا مىس، تۆمۈر، چىنە ۋە ياكى ساپالدىن ياسىلىدۇ.

(4) دۇۋەتكە سالىدىغان يىپەك سوقۇپ يۇمشىتىلىپ، سىياھ بىلەن قوشۇپ دۇۋەتكە سېلىنىدۇ. سىياھنى چىلاپ ياكى بىر شېشىگە سىياھنى سالغاندىن كېيىن، ئۇنى تاكى ئېرىپ سۇدەك بولغانغا قەدەر چالغىتىپ دۇۋەتكە قۇيۇش كېرەك.

(5) قەغەزنىڭ ياخشىسى پاختا تۈرلىرىدىن ياسىلىدۇ. ئورۇس قەغىزى، قوقەند قەغىزى ۋە خوتەن قەغىزى شۇ قەغەزلەر جۈملىسىدىن. خوتەن قەغىزىنى ياساشتا ئۈجمە دەرىخى يىلتىزىنىڭ قوۋزىقى سويۇپ، سوقۇپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن ياغاچتىن تۆت چاسا قېلىپ ياساپ، قېلىپنىڭ تېگىگە خام بېكىتىپ، تۇرغۇن سۇ ئۈستىدە قويۇپ سۇنى چالغىتىپ تەكشى قىلىش لازىم. ئاندىن قېلىپ بىلەن ئاپتاپتا قويسا، قۇرۇپ قەغەز بولىدۇ. قەغەزنى ياخشى قىلاي دېسە، گۈرۈچ سۈيىنى قاينىتىپ قىيام قىلىپ، قايماق ياكى مەسكىدەك يۇمشاق ھالەتكە ئەكېلىش كېرەك. ئۇنى قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قولغا خالتا كىيىپ خالتا بىلەن قەغەزگە تەكشى سۇۋاپ، قەغەزنى ئالا كۈنەش (سايە ئارىلاش ئاپتاپ) جايغا قويۇش كېرەك. قۇرۇغاندا ئۇنى ئېلىپ تەتۈر يۈزىگىمۇ سۇۋاپ قۇرۇتقاندىن كېيىن زىرەتاش، يەنى سىلىق تاش بىلەن يۈزىنى سۈرتسە، شېشىدەك سىلىق قەغەز بولىدۇ. بۇ قەغەزدە خەت يازسا، قوقەند قەغىزىدەك سىلىق بولىدۇ. كىتابەت قىلغاندا، قەغەزنىڭ تېگىگە قىرىم ياكى كۆندىن ياسالغان جۈزئىگىر (جۈز تۇتقۇچ) دەيدىغان نەرسىنى قويىمىز. ئۇ جۈزئىگىردە خەت يازغاندا، قەغەزنى جۈزئىگىرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قەغەزنىڭ بېشىنى قەغەزنىڭ ئايىغىدىن سەل ئېگىزرەك تۇتۇش كېرەك. ئولتۇرغاندا بىر پۇتنى تېگىگە بېسىپ، يەنە بىر پۇتنى تىكلەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇش كېرەك. خەت يازغاندا قەغەزگە مەستەر (قۇر سالغۇچ) قويۇپ،

قەغەزگە جىجىش كېرەك. مەستەر قويمىسا، خەت قىيسىق چىقىپ قالىدۇ. مەستەرنى بىرنەچچە قەغەز بىلەن قېلىنراق قىلىپ، ھەر قۇر خەت ئارىلىقىنى چىزا بىلەن تەڭشەپ، تاناپ، مەشۇت يىپنى قۇر ئارىلىقىغا قويۇپ، قەغەزنىڭ باش تەرىپىدىن ھاشىيە قويۇپ يازغاي. خەت يازغاندا ئىمكانقەدەر سۆز پارچىلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، سۆز پارچىلاش، يەنى بىر سۆزنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ يېرىمىنى قۇرنىڭ ئايىغىغا، يەنە يېرىمىنى قۇرنىڭ بېشىغا بۆلۈپ يازماسلىق كېرەك. سىزىق چىقىرىش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرسى، قەغەز ۋە يىپ بىلەن بولىدۇ؛ يەنە بىرسى، ئۈستىگە بىر تاختا قويۇپ، شۇنى بويلاپ جىجىشتۇر. قەغەز يۈزىگە قېرىنداش قەلەم بىلەن خەتكە مۇۋاپىق ھالەتتە قۇرمۇ قۇر جىجىش كېرەك. قېرىنداش قەلەمنى ئىنچىكە ئۇچلاپ يېنىك جىجىغاي. ئەگەر بىرەر يەردە خاتا كەتكەن بولسا، خەت قۇرۇغاندا ئىتتىك پىچاق بىلەن يېنىك قىرىپ چىقىرىپ، خەت ئورنىنى سىلىق تاش بىلەن سۈرۈپ سىلىق قىلىپ، ئورنىغا خەت پۈتمەك كېرەك. يۇقىرىدا يېزىلغانلار كىتاب پۈتۈشنىڭ باياندۇر. مۇمكىن بولسا زېدە قىلماي، ھاشىيەگە چىقارماي پۈتۈلسە، ھەر بىر چېكىتنى ھەر ھەرپنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ، ئىملا بىلەن، يەنى ئەلىف كېلىدىغان جايغا ئەيىنى ئالماشتۇرۇپ قويماي ئۆز ئىملاسى بىلەن پۈتۈلسە، خەت ناھايىتى ئېتىبارلىق ۋە ئېنىق چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قېرىنداش قەلەمنى ئىنچىكە ئۇچلاپ يېنىك جىجىغاي. ئىملا بويىچە يېزىش زۆرۈر بىر قائىدىدۇر.


اوقوماقنينك بياني
اوقوماقدا همه دين چونك ايش شبوكه كونكل قويماق چينك كونكل برله اوقوماق. يالغوز كوزنينك كوچى آزكلادور تولا وقت آدم نينك كونكلى باشقه طرفده بولسه كوزى خط ده بولغانى برله اغزدين باشقه سوز چيقيب كيتادور
كتابنى اچقاندا برصفحه نى اوقوب اونكه زكانده ورقنى اونك قول طرفيكا اويردكاى اوقوغاندا ملاحظه تمام برله اوقوغاى يتولكان سوزده برنقطه ويا بركلمه غلط قيلينغان بولسه يتولكان سوزنينك اول آخرينه ملاحظه قيلغاندا كونكل فرقنى چيقارادور شونداغ هرزمده كونكل نينك كوچى چونك كوچلوق دور
خط نينك طريقه سى برنچه قسم دور برقسمى خطنى نستاليق ديب ايتورلر شونداغ كتابلار نينك خطى نستاليق خط دور وينه برقسمى خطنى نسخ خط ديب ايتورلر اول خطنى قرآن و انجيلغه يتوب دور نسخ خط دور وينه برقسمى خطنى كوفى خط ويا خط ثلوث ديب ايتورلر انداغ خطلارنى ناگهان بار دور تونكلكانى لاركوفى خطنى استعمال قيليب دورلار وينه برقسمى خطنى شكسته آميز ايتورلر فارس اهلى بو خطنى استعمال قيليب هم هندوستان كابل اهلى دعا و سلام خط كا شكسته آميز خطنى ايشلاتيب دور على كاشغر بو الله شهرده دفتر دعا و سلام خط كا ايشلاتورغان نستاليق خط دور
خط اوقوماق نينك شرطلارى خط اوقوغاندا ايك خطنى كوزيكا يقين كلتوروب اوقوغونى اوزيكا عادت قيلماغاى كيفى نرى تورتوب اوقوياى ديسه اوقويالماس وهم باشنى مدرلاتيب خط اوقوماقنى اوزيكا عادت قيلماغاى برعيب بيك كوراتور اول تا بيلانغ اوقوب عادت قيلسه شونداغ اوركونور وينه برشرط شوكم برسوزنينك ايافى نى ينه برسوزكا قاتيب اليشتوروب اوقوماغاى هرسوزنى تولا تاب برنفس اليب ينه برسوز نينك ابتداسى نى باشلاغاى سوزنى اوقوغاندا چالا چاينتاب سوزنى تاشلاماغاى اوقوغاندا ملاحظه بيلان اوقوغاى

ئىككىنچى خەت دۇئايى سالام خەتتۇر. بۇنداق خەت پولات قەلەم بىلەن پۈتۈلىدۇ. بۇ پولات قەلەمنى كۆپىنچە سودىگەرلەر خاتىرە ۋە دۇئايى سالام خەتلەرنى يېزىشقا ئىشلەتتىدۇ. داتلاشتۇرماي ئىشلەتسە، بۇ قەلەممۇ ئىنتايىن ياخشى. قۇرۇق ساقلىسا داتلاشمايدۇ. بىرەر يەرگە ئەۋەتىدىغان خەتنى قەغەزدىن ياسالغان لېپاپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ يەملەپ، لېپاپ ئۈستىگە خەت ئەۋەتىدىغان جاينىڭ ئادرېسىنى يېزىپ، خەتنىڭ ئېغىرلىقىنى مۆلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئېغىرلىقىغا يارىشا ئۈستىگە ماركا چاپلاپ پوچتىخانىغا تاشلىسا، خەت يەتكۈزۈلىدۇ. قومۇش قەلەم ياكى پولات قەلەم بولسۇن، قەلەمنىڭ ئۇچىنى كېسىپ يارغاندا قەلەم ئىككى تىللىق بولىدۇ. ئوڭ تەرەپنىڭ ئۇچى سول تەرەپتىن ئازراق ئېگىزرەك بولىدۇ. قەلەم ئۇچى ھەمىشە كېسىلىپ تۇرسا، خەت پاكىز چىقىدۇ. قەغەز يۈزىگە مەستەر بىلەن تۈز سىزىق چىقىرىش كېرەك. ئەگەر سىزىق چىقارماي يازسا، خەتنى تۈز قىلىپ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. قومۇش قەلەم ھۆل كېسىلسە، رىشتە چىقىپ قالىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى قۇرۇتۇپ كېسىشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئوقۇماقنىڭ بەيانى

ئوقۇلغۇسى: ئوقۇماقدا ھەممەدىن چوڭ ئىش شۇبۇكى، كۆڭۈل قويماق، چىڭ كۆڭۈل بىرلە ئوقۇماق، يالغۇز كۆز-



پتوکوچی نینک ضرور لازم بیان زرسه لاری

(۱) قلم یعنی پشیق قموش قلمتراش بیلان قلم قیریب اوچی نی یرماق

(۲) سیاه یعنی چراغ ایسی بیلان و یا کرونج نی قوروتوب کویدوروب قیلینور

(۳) دوات سیاه چیلابدورغان قاچا

نىڭ كۆچى ئاز كېلەدۇر. تولا ۋەقت ئادەمنىڭ كۆڭلى باشقا تەرەفدە بولسا، كۆزى خەتدە بولغانى بىرلە ئاغىزدىن باشقا سۆز چىقىپ كېتەدۇر.

كىتابنى ئاچقاندا بىر سەفھەنى ئوقۇپ ئۆتكۈزگەندە ۋەرەقنى ئوڭ قول تەرەفكە ئۆيرۈگەي. ئوقۇغاندا مۇلاھەزەئى تەمام بىرلە ئوقۇغاي. پۈتۈلگەن سۆزدە بىر نوقتە ۋە يا بىر كەلىمەدە غەلەت قىلىنغان بولسا، پۈتۈلگەن سۆزنىڭ ئەۋۋەل ئاخىرىغا مۇلاھەزە قىلغاندا كۆڭۈل فەرقىنى چىقارادۇر. شۇنداغ، ھەر نەرسەدە كۆڭۈلنىڭ كۈچى چوڭ، كۈچلۈكدۇر.

خەتنىڭ تەرىقەسى بىرنەچچە قىسىمدۇر. بىر قىسمى خەتنى نەستەلىق دەپ ئايتۇرمىز. شۇنداغكى كىتابلارنىڭ خەتى نەستەلىق خەتدۇر ۋە يەنە بىر قىسمى خەتنى نەسخ خەت دەپ ئايتۇرمىز. ئول خەتنى قۇرئانغا ۋە ئىنجىلغا پۈتۈپدۇر، نەسخ خەتدۇر ۋە يەنە بىر قىسمى خەتنى كۇفى خەت ۋە يا خەتتى سۇلۇس دەپ ئايتۇرمىز. ئانداغ خەت بۇ تەرەفدە ناگەھان باردۇر. تۇڭگانىيلار كۇفى خەتنى ئىستىئمال قىلىپدۇرلار. يەنە بىر قىسمى خەتنى شىكەست ئامىز ئايتۇرمىز. فارس ئەھلى بۇ خەتنى ئىستىئمال قىلىپ ۋە ھەم ھىندۇستان، كابۇل ئەھلى دۇئا ۋۇ سەلام خەتكە شىكەست ئامىز خەتنى ئىشلەتىپدۇر. ھەلا كاشقەر بۇ ئالتە شەھەردە دەفتەر دۇئا ۋۇ سەلام خەتكە ئىشلەپ تۇرغان نەستەلىق خەتدۇر.

خەت ئوقۇماقنىڭ شەرتلەرى: خەت ئوقۇغاندا بەك خەتنى كۆزگە ياقىن كەلتۈرۈپ ئوقۇشنى ئۆزگە ئادەت قىلماغاي. كېيىن نارى تۇتۇپ ئوقۇياي دېسە ئوقۇيالماس ۋە ھەم باشىنى مىدىرلاتىپ خەت ئوقۇماقنى ئۆزگە ئادەت قىلماغاي، بىر ئەيىبدەك كۆرەنۇر. ئەۋۋەل قايداغ ئوقۇپ ئادەت قىلسا شۇنداغ ئۆرگەنۇر. ۋە يەنە بىر شەرت شۇكى، بىر سۆزنىڭ ئاياغىنى يەنە بىر سۆزگە قاتىپ ئالىشتۇرۇپ ئوقۇماغاي، ھەر سۆزنى توگەتىپ بىر نەفەس ئالىپ يەنە بىر سۆزنىڭ ئىبتىداسىنى باشلاغاي. سۆزنى ئوقۇغاندا چالا چايناپ سۆزنى تاشلاماغاي. ئوقۇغاندا مۇلاھەزە بىلەن ئوقۇغاي.

## يازماقنىڭ بەيانى

پۈتۈكۈچىنىڭ زەرۇر لازىمەلىك نەرسەلەرى:

(1) قەلەم يەئنى پىشىق قومۇش، قەلەمتەراش بىلەن قەلەم قىرىپ ئۇچىنى يارماق.

(2) سىياھ يەئنى چەراغ ئىسى بىلەن ۋە يا گۈرۈنجنى قۇرۇتۇپ كۆيدۈرۈپ قىلىنۇر.



(3)دۇۋەت سىياھ چىلايدۇرغان قاچا مەسدىن يا تەمۇر يا چىنى ۋە يا سەفالدىن

(4) دۇۋەتكە سالادۇرغان يىپەكنى سوقۇپ يۇمشاتىپ سىياھ بىلەن دۇۋەتكە سالىنۇر. سىياھنى چىلاپ ۋە يا بىر شىشەگە سالىپ پۇتۇن سىياھنى شىشە سالغاندىن كېيىن چالغۇتۇپ تاكى چالغۇلماقتىن ئېرىپ پۇتۇن سىياھ قالماي سۇ بىرلە بىر بولغاندا دۇۋەتكە قويماق كېرەك.

(5) ياخشى كاغەز پاختا جۇملەسىدىن ياسالۇر. شۇنداغكى، ئورۇس كاغەز، قوقەند كاغەز ۋە يا خوتەن كاغەز. خوتەن كاغەزنى ئۈجمە دەرەختىنىڭ يىلدىزىنىڭ قوبزاقىنى سويۇپ سوقۇپ يۇمشاتىپ، ياغاچدىن قالىپنى چەھارسۇ قىلىپ، قالىپ تېگەگە خام بەركەتىپ، تۆيقۇن سۇ ئۈستىدە قويغاندا سۇنى چالغۇتۇپ بەرگەندە تەكشى بولۇر. ئاندىن قالىپ بىلەن ئافتابدا قويغاندا قۇرۇپ كاغەز بولۇر. كاغەزنى ياخشى قىلاي دېسە گۇرۇنجنى قايناتىپ، گۇرۇنج سۈيىنى يەنە قايناتىپ قىۋام قىلغاي تاكى بىر قايماق ۋە يا مەسكەدەك يۇمشاق بولۇر. ئانى كاغەز ئۈستىدە قويۇپ، قولىغا بىر خالتا كىيىپ خالتا بىلەن تەكشى كاغەزگە سۇۋاپ، كاغەزنى ئالا كۆنەش يەردە قويماق كېرەك. قۇرۇغاندا ئالىپ شۇنداغ تەرتۇ يۈزگە ھەم سۇۋاپ قۇرۇتۇپ ئالغاندا، زىرتاش يەئنى سىلىق بىر تاش بىلەن سۈرگەندە شىشەدەك سىلىق كاغەز بولۇر. خەت قىلغالى ياخشى قوقەند كاغەزىدەك سىلىق بولۇر. كىتابەت قىلغاندا كاغەز تېگىدە جۇزئىگىر يەئنى قىرىم ۋە يا كۆندىن قىلغان نەرسەنى ئايتۇرمىز. ئول جۇزئىگىردە پۇتۇگەندە جۇزئىگىر ئۈستىدە كاغەزنى قويۇپ كاغەز باشىنى ئاياغىدىن سەھەل ئىگىزرەك تۇتۇپ ئولتۇرغاندا، بىر پۇتىنى تېگىگە باسىپ، بىر ئاياغىنى تىكلەپ تىزلانىپ ئولتۇرغايلار. خەت قىلغاندا كاغەزگە مەستەر سالىپ، كاغەزنى جىرجىماق كېرەكدۇر. مەستەر سالماسا خەت قىيىق چىقىپ قالۇر. مەستەرنى بىر نەچچە كاغەز بىلەن بىر سەفھە قالىنراق قىلىپ، ھەر سەترە خەت ئارالىقىغا چىزە بىلەن تەڭشەپ، تانابى مەھشۇت يىپ بىلەن سەتر ئارالىقىغا قويۇپ، كاغەز باش تەرەفىدىن ھاشىيە قويۇپ پۇتۇگەي ۋە پۇتۇگەندە مۇمكىن بولسا قىتئەئى كەلىمە قىلماغاي. چۈنكى، قىتئەئى كەلىمە، يەئنى بىر كەلىمە سۆزنى ئوترادىن بۆلەپ تەڭنى سەترنىڭ ئاياغىغا ۋە تەڭنى سەترنىڭ باشىغا بۆلمەسۇن. مەستەر ئىككى قىسمەدۇر. بىرىنى كاغەز بىلەن يىپ بىلەن دېدۇك. يەنە بىر قىسمى ئۈست بىر تاختە راسلاپ، جىجىق قىلماق. كاغەز سەفھەسىگە قىرىنداش قەلەم بىلەن خەتكە مۇۋاپىق جىجىماق كېرەك. سەتر ـ سەتر جىجىلۇر. يەئنى بىر خەتدىن جىجىلۇر. قىرىنداش قەلەمنى يىڭگىچكە قىلىپ، يېنىك جىجىغاي. ئەگەر بىر يەردە بىر

نېمە غەلەت بولسا خەت قورۇغاندا ئىتتىك پىچاقدا يېنىك قىرىپ چىقارىپ خەت ئورنىنى سىلىق بىر تاش بىلەن سۈرۈپ سىلىق قىلىپ، ئورنىغا خەت پۈتۈمەك كېرەك. بۇ قىسمى قىلىپ پۈتۈلگەن خەتلەر كىتاب پۈتۈمەكنىڭ بەيانىدۇر. مۇمكىن بولسا زەدە قىلماي ھاشىيەغە چىقارماي پۈتۈلسە ھەر نۇقتەنى ھەر ھەرفنىڭ ئۆز بەرابەرىغە قويۇپ، ئىملائ بىلەن، يەئنى ئەلىق كېلەدۇرغان سۆزگە ئەيىن پۈتۈلمەسۇن. ئىملائ بىلەن پۈتۈلسە، مۇئتەبەر رۇشەن خەت بولۇر. ئىملائنى ساقلاماق زەرۇرى ئەھكامىي ئىكەن.

ئىككىنچى خەتنى — دۇئا ۋۇ سەلام خەتدۇر — پولات قەلەم بىلەن پۈتۈلۇر. ئەكسەر بۇ پولات قەلەمنى سەۋداگەرلەر دەفتەر ۋە دۇئاۋۇ سەلام خەت ئۈچۈن ئىشلەتۇر. تاتلاتماي ئىشلەتسە بۇ ھەم ياخشى قەلەمدۇر. قورۇق ساقلاسا تاتلامايدۇر. ھەر يەرگە ئىبەرەدۇرغان خەتنى لىفافە — بىر كاغەزدىن قىلىنغان بىر خالتادۇر — ئانىڭ ئىچىگە سالىپ يەملەپ، لىفافە ئۈستىگە خەت قىلىپ، ئىبەرەلەدۇرغان يەرگە ۋەزنى خەتنى مۇلاھەزە قىلىپ، ۋەزنىگە كۆرە ماركا چاپلاپ، پوشتاخانەگە تاشلاسا خەت يەتكۈزۈلۇر. قەلەمنىڭ ئۈچىنى كەسكەندە خاھ قۇمۇش قەلەم خاھ پولات قەلەم بولسۇن قەلەمنى يارغاندىن كېيىن قەلەم ئۈچى ئىككى تىللىق بولۇر، ئوڭ تەرەفىنىڭ ئۈچى سول تەرەفىدىن زەررەچە ئىگىزرەك بولۇر. قەلەم ئۈچى ھەمىشە كېسىلىپ تۇرسا خەت ساف چىقادۇر. كاغەز سەفھەسىگە مەستەر سالىپ سەتىرلەرنى تۈز چىقارماق، مەستەرسىز خەت قىلسا تۈز قىلماق كېرەك بولادۇر. قۇمۇش قەلەم ھۆل كېسىلسە رىشتە چىقىپ قالۇر، قورۇتۇپ كەسمەك لازىم بولۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام
ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

ئۆمەر ھەييام

# نورۇزنامە

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

## قىلىچ ۋە ئۇ توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىش زۆرۈر

قىلىچ مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ پاسبانى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر. ھەرقانداق بىر پادىشاھلىق قىلىچسىز مۇقىم بولمايدۇ، چۈنكى پەقەت قىلىچ بىلەنلا ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلىرىنى ھىمايە قىلىش مۇمكىن. كاندىن قېزىۋېلىنغان تۆنجى مەدەن تۆمۈردۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەردىن بىرسىدۇر. ئۇنىڭدىن تۇنجى بولۇپ قورال ياسىغۇچى جەمشىد ئىدى. ھەرقانداق قورال زۆرۈر ۋە ياخشىدۇر، ئەمما قىلىچتىن ياخشىراق ۋە زۆرۈرراق نەرسە يوق، چۈنكى ئۇ يالتىرىغاندا ئوتقا ئوخشايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىككى ئۇنسۇردىن ئىبارەتتۇر. زىرەكلەر «تۆمۈرسىز دۇنيا زەكەرسىز يىگىتكە ئوخشايدۇ» دېيىشىدۇ. ئەگەر ئەقىل بىلەن قارىساق، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ قورقۇنچ ۋە ئۈمىدكە باغلىقلىقى مەلۇم بولىدۇ. قورقۇنچ ۋە ئۈمىد بولسا قىلىچقا باغلىق، چۈنكى بىر ئادەم مەدەنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئۈمىدىنى روياپقا چىقىرىشقا ئىنتىلىدۇ. بەزىلەر بولسا تۆمۈردىن قاچىدۇ ۋە بۇ قورقۇنچ ئۇنىڭغا ھۆكۈمران بولىدۇ. پادىشاھلارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلىدىغان تاج تۆمۈرنىڭ ياردىمىدە قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، پادىشاھلارنىڭ خەزىنىلىرىمۇ تۆمۈرنىڭ ياردىمىدە كۆپەيتىلىدۇ. ياراتقۇچى تۆمۈردىن باشقا ھەممە جەۋھەرلەرنىڭ پايدىسىنى ئادەملەرنىڭ ئادەتلىرىگە باغلىق قىلىپ قويغان. چۈنكى، تۆمۈر ھەرقانداق ھۈنەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن جاھان كۆركەملىشىدۇ ۋە گۈللەپ ياشنايدۇ. قىلىچنىڭ پەزىلەتلىرىدىن ئەڭ ئەۋزىلى شۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەتىھ قورالى سۈپىتىدە بېرىلگەندۇر. ئۇ «مەن شەمشەر بىلەن ئەۋەتىلگەنمەن» دېگەن. «تەۋرات»تا ئۇنى «يارىشىش ھامىيسى ۋە قىلىچ ساھىبى» دېگەن. قىلىچ ئادەملەر ئارىسىدىمۇ، ھايۋانات ئارىسىدىمۇ ئەڭ يۇقىرى پەزىلەت ھېسابلىنىدىغان شىجائەتنىڭ قورالى بولغىنى ئۈچۈن مۆتىۋەردۇر. روھ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن يۇقىرى بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان غەزەپنىڭ كۈچىنى شىجائەت دەپ ئاتىدى. ئېيتىلىشىچە، شىجائەت ئۆگىنىلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ تەبىئىي پەزىلەتتۇر، لېكىن ئۆگىنىش بىلەن ۋايىغا يېتىدۇ. شىجائەتنىڭ ئۇۋىسى جىگەر بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قاننىڭ ئۆيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىجائەتلىك ئادەم قان تۆكۈلگەن چاغدا تېخىمۇ جەسۇر بولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى چىراغ ياغ بىلەن كۆيگەندەك، ئىنسانمۇ شىجائەت بىلەن ئوت ئالىدۇ. ئېيتىلىشىچە، شىجائەت ۋە تىرىكلىك قۇۋۋىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى يۈرەكتۇر. ئۇنىڭ ھەرىكەتكە كەلگۈچىسى بولسا جىگەرنىڭ تەبىئىي كۈچىدۇر، چۈنكى بۇ ئىككى كۈچ ئارقىلىق شىجائەتنىڭ پەزىلىتى نامايان بولىدۇ ۋە ئۇنى تۈتەمەن دېگەن ئادەم كۆيىدۇ. ئەگەر يۈرەك كۈچلۈك بولۇپ، جىگەر كۈچسىز بولسا، ئۇلارنىڭ ساھىبى جەڭ

باشلانغاندا جەسۇر ۋە يۈرەكلىك، ئاخىرىدا بولسا بوشاڭ ۋە بىپەرۋا بولىدۇ. ئەگەر يۈرەك كۈچسىز، ئەمما جىگەر كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنىڭ ساھىبى جەڭ باشلانغاندا بوشاڭ ۋە بىپەرۋا، ئاخىرىدا بولسا جەسۇر ۋە يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدۇ. بۇنى ئاشقازان ۋە جىگەردە بولىدىغان ھەزىم قۇۋۋىتى بىلەن باغلاپ مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ ۋە بۇ قۇۋۋەتنىڭ تۆۋەنلىكى تائامنى يېقىمسىز ۋە بىمەززە قىلغىنىدەك، شىجائەت كۈچىنىڭ تۆۋەنلىكىمۇ ھاياتنى يېقىمسىز ۋە بىمەززە قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەم دائىم قورقۇپ، ھەممە نەرسىدىن قېچىپ يۈرىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى شىجائەتنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە كۈچلۈك بىر ھايۋاننى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تۆمۈر غىجىلىۋەتكەن ئارسلاننىڭ بېشىغا، ئايغىنى تاش چېقىۋەتكەن پىلنىڭ ئايىغىغا، قۇيرۇقىنى ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ تۇرغان ئەجدىھانىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. شىجائەتلىك ئادەم جەڭ باشلانغاندا جاسارەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتا ئارسلانغا، جەڭ ئوتتۇرىسىدا سەۋر ـ سالاپەتى ۋە قۇۋۋىتى بىلەن پىلغا، جەڭ ئاخىرىدا بولسا غەزىپى، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە نىسبەتەن قەھرى بىلەن ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ.

بىز شىجائەتنىڭ تۈرلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، ئۇنىڭ قورالى بولسا قىلىچتۇر ۋە ئۇ ئون تۆت خىلدۇر: بىرىنچىسى، يەمەنىي؛ ئىككىنچىسى، ھىندىي؛ ئۈچىنچىسى، فەلئىي؛ تۆتىنچىسى، سۇلايمانىي؛ بەشىنچىسى، نەبىي؛ ئالتىنچىسى، مىررىخىي؛ يەتتىنچىسى، سەلمانىي؛ سەككىزىنچىسى، مۇۋەللەد؛ توققۇزىنچىسى، بەھرىي؛ ئونىنچىسى، دەمەشقىي؛ ئون بىرىنچىسى، مىسرىي؛ ئون ئىككىنچىسى، ھەنەقىي؛ ئون ئۈچىنچىسى، نەرماھان؛ ئون تۆتىنچىسى، قارەجورىي. ئۇنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ھەممىسىنى دەيدىغان بولساق، گەپ ھەددىدىن تاشقىرى سوزۇلۇپ كېتىدۇ. يەمەنىينىڭ ياخشى تۈرى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭ بىسى تەكشى ۋە يېشىل رەڭ، ئاساسى قىزغۇچ، تۆۋەنگە يېقىن جايىدا ئارقىمۇ ئارقا چۈشكەن كۈمۈشسىمان ئاق نىشانلىرى بار، بۇنى كۇلاھىي دەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بەزىلىرى نەقىشلىكتۇر. نەقىشلىكلىرى تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، نەقىشلىرى چوڭقۇر ئەمەس، قويۇلغان كۆزلەر خۇددى چۈمۈلىنىڭ ئايىغىغا ئوخشاش يالتىراپ تۇرىدۇ. يەنە بىرسىنىڭ نەقىشلىرى چوڭقۇر، كۆزلىرى مەرمەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنى «لۇلۇ» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرسى، نەقىش سىزىقلىرى بىر ـ بىرى بىلەن بۇرجەك ھاسىل قىلىپ كېسىشىدۇ؛ قويۇلغان كۆزلەر ئەگرىدەك كۆرۈنىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاددىي ھەم كىچىك نەقىشلىرى بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچ، كەڭلىكى بولسا تۆت قول، ئۆزى قارامتۇل. ئۇنى «بوستانىي» دەيدۇ. يەمەنىي قىلىچ ئاددىي بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم غېرىچ، كەڭلىكى تۆت قول ۋە ئېغىرلىقى ئىككى يېرىم مەن ياكى ئون ستىرى كەم ئۈچ مەن.

ئەمدى ئارىستوتېلنىڭ ئىسكەندەرگە تەييارلاپ بەرگەن قىلىچى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىمىز. چۈنكى، بۇ ھەقتىكى گەپ ناھايىتى قىزىقارلىق. ئارىستوتېل بىر ئۆلۈش مەغنىسىيا، بىر ئۆلۈش مارجان قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇشنى، ئاندىن بىر مەن يۇمشاق تۆمۈر ئەكېلىپ، ئۇنى قوشۇپ يۇغۇرۇشنى، ئاندىن بۇ قېتىشمىلاردىن ئون ئىككى ئۆقىيەنى ئوتقا سېلىپ ئېرىتىشنى، قازان سارغايغاندىن كېيىن بىر ئۆلۈش دەرەخ پوخىقى، بىر ئۆلۈش ئەمەن ئۇرۇقى، بىر ئۆلۈش سەدەپ ۋە شۇلارنىڭ ھەممىسى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك زۇرۇھ (ھاشاراتنىڭ بىر تۈرى) قوشۇپ، تازا ئېزىپ، ئارىلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ئارىلاشمىدىن ئىككى ئۆقىيەنى بىر مەن تۆمۈرگە قوشۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي بىرىكىپ كەتكۈچە ۋە تۆمۈر بۇ ئارىلاشمىنى سىڭدۈرگۈچە ئوتتا قىزىتتى. ئاندىن سوۋۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قىلىچ ياسىدى. بۇنداق قىلىچ مەزمۇت ۋە پاكىز بولىدۇ. «بەھرامنىڭ قورال ھەققىدىكى كىتابى»دا ئېيتىلىشىچە، ئەگەر قىلىچ غىلاپتىن چىقىرىلىۋاتقاندا، ئىڭرىغاندەك ئاۋاز چىقارسا، بۇ قان توكۇ-

لوشنىڭ ئالامىتى، ئەگەردە غىلاپتىن قىلىچنىڭ ئۆزى سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتسە، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئالامىتى ئىكەن. ئەگەر يالىڭاچ قىلىچ يەتتە كۈنلۈك بالىنىڭ يېنىغا قويۇلسا، بالا جەسۇر چوڭ بولىدۇ.

## ئوق - يا ۋە ئۇلار ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىش كېرەك

ئوق بىلەن يا زورۇر قورال، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلىش ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز ئوغۇللىرىڭلارنى قورال ئېتىش ۋە سۇ ئۈزۈشكە ئۆگىتىڭلار» دەپ بۇيرۇغان. يا بىلەن ئوقنى ياسىغان تۇنجى ئادەم كيۇمەرس بولغان. ئۇنىڭ كامانى بىر تال ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، سۆڭەك ئىشلىتىلمىگەنىدى ۋە ئۇ پاختا ئاتىدىغان نەرسىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئوقى قومۇشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈچ قىرلىق، ئۇچى سۆڭەكتىن ئىدى. كېيىنچە، يەنى مەنۇچېھىر زامانىدا ئەرىش بەھادان ياغاچ ھەم قومۇشتىن بەش بۆلەك قىلىپ كامان ياسىدى، بۇ بەش بۆلەكنى باشقا نەرسىلەر بىلەن بىرلەشتۈردى، ئوقنىڭ ئۇچىنى تۆمۈردىن قىلدى. بەھرام گورغا كەلگەندە، ئۇ يانى سۆڭەكتىن، ئوقنى بولسا تۆت قىرلىق قىلىپ ياسىدى ۋە يانى دەرەخ قوۋزىقى بىلەن ئورىدى. يانىڭ شەكلى پەلەك قىسىملىرىدىن ئېلىنغان، چۈنكى ئالىملار پەلەك دائىرىسىنىڭ قىسىملىرىنى قەۋس، يەنى يا دېگەن. قەۋسنىڭ بىر ئۇچىنى ئىككىنچى ئۇچى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان توغرا سىزىق ۋەتەر، يەنى كىرىچ دېيىلىدۇ، پەلەك دائىرىسىنىڭ مەركىزىدىن چىقىپ قەۋس كەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان سىزىقنى سەھم، يەنى ئوق دەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇلتۇزلارنىڭ تەسىرى ۋە ياراتقۇچىنىڭ ئىرادە - ئەمرى بىلەن يەرگە ئەۋەتىلگەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق شۇ ۋەتەر ۋە قەۋسلەر ئارقىلىق ئۆتۈپ، خۇددى مەرگەن قولىدىكى ئوق كىرىچ بىلەن يادىن چىقىپ ئوۋغا تەگكەندەك نىشاندىكى ئىنسانغا قادىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، يا ئادەمگىمۇ ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا تومۇرلار، ئەسەب تارلىرى، سۆڭەك، تېرە ۋە گۆش بار، كىرىچ بولسا ئۇنىڭ جېنى، چۈنكى ئۇنىڭغا ئوقيانىڭ ھاياتى باغلىق. ئەگەر يا ئىستېداتلىق ئادەمنىڭ قولىدا بولسا، يا كىرىچنىڭ ياردىمىدە ياشاۋېرىدۇ. ھەقىقەتەن ياخشىراق قارىساڭ، يانىڭ ئىنساننىڭ كۆكرىكى ۋە قولىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىسەن. ئىنسان كىرىچنى بىر قولى بىلەن تارتقاندا شۇ قولى ئېگىلىدۇ، كۆكرەك يانىڭ تۇتقۇچىغا، يەلكە يانىڭ ئەگىمىسىگە، بارماقلىرى بولسا يانىڭ ئىككى بۇرجىكىگە ئوخشايدۇ. ئەڭ چوڭ يانىڭ ئېغىرلىقى ئالتە يۈز مەن بولۇپ، ئۇنى كۆشكەنجىر دەيدۇ. ئۇ قەلئە ئۈچۈن ياسالغان. يانىڭ ئەڭ يېنىكى بىر مەن بولۇپ، ئۇ كىچىك بالىلار ئۈچۈن ياسالغان. يانىڭ تۆت يۈز مەندىن ئىككى يۈز مەنگىچە بولغانلىرى چەرخ، ئىككى يۈز ئەللىك مەندىن يۈز مەنگىچە بولغانلىرى نىمچەرخ ھېسابلىنىدۇ. يۈز مەندىن ئاتمىش مەنگىچە بولغانلىرى چوڭ يا ھېسابلىنىدۇ. يانىڭ قۇۋۋىتىگە كەلسەك، ئۇ كۆپ ياكى كەم بولۇشى مۇمكىن ۋە پەلەك قانداق دەرىجە ھېسابى بىلەن ئۆلچەنسە، ئۇمۇ شۇنداق ئۆلچىنىدۇ. ھەربىر دەرىجە ئاتمىش دەقىقە بولۇپ، ئۇ يا بۇرجىكىدىكى ئىككى تۈگۈندىن باشلاپ تاكى كىرىچ تارتىلىدىغان جايغىچە ھېسابلىنىدۇ، ئاندىن ئون ئالتىگىچە ئىككىلىنىپ كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر بىر ئەگمە ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. تۇتقۇچ مەركەز ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئېگىلمەيدۇ، يانىڭ بۇرجەك ۋە ئەگمىلىرى شۇ مەركەزدىن ھېساب قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇرجەكتىن سوزۇلغان يەردە كۈچ بۇرجەكتىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپرەك بولىدۇ، ئۇنىڭ سانى ئون تۆت ۋە ئون ئالتە، يەنى ئوتتۇزغا تەڭ. بۇ يانىڭ بىر تەرىپى، ئىككىنچى تەرىپىمۇ ئوتتۇزغا تەڭ بولۇپ، ھەممىسى ئاتمىشقا تەڭ. يانىڭ ئىككى ئەگمىسى ئالتە بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، چۈنكى يانىڭ شەكلى يېرىم ئايلانمىغا ئوخشايدۇ، پەلەكنىڭ يېرىم ئايلانمىسىمۇ ئالتە بۇرجقا بۆلۈنىدۇ. چەرخ دەپ ئاتىلىدىغان يا ئۈچ خىل: ئېگىز، پەس ۋە ئوتتۇرا-

ھال؛ ئۇلارنىڭ ئوقىمۇ ئۈچ خىل: ئۇزۇن، كالتە ۋە ئوتتۇراھال. ئۇزۇنلىرى ئون بەش ئىلىك، ئوتتۇراھال كەلگىنى ئون ئىلىك، كالتىسى سەككىز يېرىم ئىلىك بولىدۇ. ھەربىر ياغا قانداق ئوق كېرەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتساق گەپ سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بىز بۇ يەردە گەپدانلىققا ئىنتىلىۋاتقىنىمىز يوق. نىيىتىمىز ئوقيانىڭ خىسلەتلىرىنى ۋە ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ بۇ نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن نورۇز پەيتىدە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

يۇلتۇز ئىلمىگە ئاساسلىنىپ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەگەر يانىڭ ئىگىسى مەرگەن بولسا ۋە كامان ئېتىشقا كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ بەرسە، ئۇ ھېچنەرسىگە موھتاج بولمايدۇ. ھەربىر قوشۇننىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن زۆرۈرى ئوق بولۇپ، ئوقچىلار تولۇق بولسا، قوشۇن غالىب بولىدۇ. بۇنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل شۇكى، قورالنىڭ قىسمىتى قەۋس بۇرجىدىدۇر. قەۋسنىڭ تەبىئىتى ئوتتۇر، مۇشتەرىي ۋە ئۇنىڭغا يانداش مۇسەللەسى ھەمەلنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ سائادەتتۇر، ئەسەد بۇرجى قوياشنىڭ ئۆيىدۇر، قەۋس بۇرجىنىڭ پەزىلىتى شۇ يەردىكى، ئۇ مىررىخنىڭ ئۆيىدۇر.

تېبابەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئوقيانى ئىشلىتىپ تۇرۇش كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىق: ئۇنىڭ بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن مەشىق قىلىش مۇمكىن، ئۇلار ئەسەب ۋە باشقا ئەزالارنى كۈچلۈك قىلىدۇ. بوغۇملارنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنى پەرمەنبەردار قىلىدۇ، ئەقلىي قۇۋۋەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ، پالەچلىك ۋە بەزگەكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ھېكايەت: سامى نەرىماندىن سورىدى: «ئەي، مۇزەپپەر يولباشچى، جەڭنىڭ بېزىكى نېمىدۇر؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «شاراپەتلىك شاھنىڭ نۇرى، ئاقىل سەركەردىنىڭ پاراستى ۋە ساۋۇت كىيگەن ھەمدە كامان بىلەن جەڭ قىلالايدىغان جەڭچىدۇر.»

ھېكايەت: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەھرام گور ئۆز مۇرەببىيسى نوئمان مۇنزىرنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بىر كاماندىن ئىككى تال ئوق ئاتتى ۋە شۇ ئىككى ئوق بىلەن ئاسماندىكى ئىككى قۇشنى يەرگە يىقىتتى. نوئمان دېدى: «ئەي ئوغلۇم، ئالەم يارىتىلغاندىن بېرى سەندەك ئوق ئاتالايدىغانلار بولمىغان، بۇ دۇنيا ھەرقانچە ئۇزاق مەۋجۇت بولسىمۇ، يەنىلا بولمايدۇ.»

ھېكايەت: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دانىشمەن ئادەم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ دېدى: «ئەي ئوغلۇم، سەن ئات ۋە كاماننى قەدىرلە، ئەمما قەلئە تامسىز ۋە قۇلۇپسىز بولمىغان.» ئوغۇل سورىدى: «ئەي ئاتا، مەن ئات ۋە كاماننى بىلىمەن، ئەمما ‹تام› ۋە ‹قۇلۇپ› نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟» ئاتىسى جاۋاب بەردى: «تام ــ باھادىر، ئەزىمەت، قۇلۇپ بولسا ساۋۇتتۇر، يەنى ئىلاجى بار ساۋۇتسىز يۈرمىگىن.»

ھېكايەت: سەيف زىيازەن ھېكايە قىلىدۇ: نۇشىرۋان ئىران سەركەردىسىنى ئەبرەھە سەبباھنى ئېتىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، سەركەردە ئۇنى ئېتىپ تۆگە ئۈستىدىن يىقىتتى، ئاندىن شۇنداق دېدى: «بۇرادەرلەر، بۇ ياققا كېلىڭلار. مانا بۇ شامال ئېلىپ بېرىپ، ئەجەل قوغلاپ جان ئالغۇچى توغرا ۋە ئەگرىگە قاراڭلار، بۇ ئوق بىلەن يادۇر. شۇڭا، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار قورالنىڭ دانىشمىنى، يېقىن يەردە جەڭ قىلماي، يىراقتىنمۇ ئۆلتۈرىدۇ.»

ھېكايەت: ئېيتىلىشىچە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇشىرۋان بابەك ئارىزدىن سورىدى: «جەڭگىۋار ئادەملەردىن قاندىقى مەشھۇرراق؟» ئارىز جاۋاب بەردى: «ئوق ۋە يا ساھىبلىرى.» نۇشىرۋان ھەيران بولدى ۋە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سوراپ، بۇ گەپنى تەپسىلىيرەك ئىزاھلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بابەك ئارىز جاۋاب بەردى: «ئۇلار شۇنداق بولۇشى كېرەككى، پۈتۈن بەدەنلىرى يۈرەك، يۈرەكنىڭ ھەممىسى قول، قوللىرى ياي ۋە پۈتۈن يالىرى ئوق، شۇندىلا ئوقلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە

قادىلىدۇ.» نۇشىرۋان سورىدى: «بۇنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «بۇنى شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى خۇددى قوللىرىدەك كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك، پەيلىرى خۇددى يا كەبى چىڭ ۋە مۇستەھكەم، ئوقلىرى خۇددى كىرپىچتەك توغرا ۋە مۇۋاپىق بولۇشى زۆرۈر، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار ئوقلىرىنىڭ جايىنى دۈشمەن يۈرىكىدە كۆرىدۇ.»

ئوق ۋە يا ھەققىدە گەپلەر شۇدۇر.

## قەلەم، قەلەمنىڭ خاسىيەتلىرى ۋە ئۇ توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىش كېرەك

دانىشمەنلەر قەلەمنى «مۈلۈك بېزىكى ۋە قەلب مەكتۇبى» دېگەن. قەلەمسىز سۆز بەدەنسىز جانغا ئوخشايدۇ ۋە سۆز قەلەم بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن ئەبەدىي ساقلىنىدۇ. ئۇ خۇددى چاقماق تاش ۋە پولاتتىن ئاسانلىقچە چىقمايدىغان ھەم ئۈچقۇندىن دەرھال نۇرغا ئايلانمايدىغان ئوتقا ئوخشايدۇ. خەلىپە مەئمۇن ئېيتىدۇكى: «قەلەمگە ئاللانىڭ مەرھەمىتى بولسۇن. مېنىڭ بېشىم دۆلەتنى قەلەمسىز قانداقمۇ ئىدارە قىلسۇن؟ ئۇ مۇكاپات ۋە مائاشقا ئىنتىلمەي ئىرادىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقلىقى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ قارىلىقى بولسا مۇنەۋۋەر قىلىدۇ.» خەتنى مۇئامىلىگە ئېلىپ كىرگەن تۇنجى ئادەم تەھمۇرەس ئىدى. سۆخەن پەزىلەتكە ئىگە، ئەمما يېزىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم ئادەم يېرىم ئادەمگە ئوخشايدۇ، چۈنكى قەلەم ئىگىسىلىك پەزىلىتى يۈكسەك پەزىلەتتۇر ۋە ھېچقانداق پەزىلەت ئۇنىڭغا تەڭ كەلمەيدۇ. ئۇ ئىنساننى ئىنسان دەرىجىسىدىن پەرىشتە دەرىجىسىگىچە كۆتۈرىدۇ، شەيتاننى بولسا شەيتانلىق دەرىجىسىدىن تاكى ئىنسانلىق دەرىجىسىگىچە كۆتۈرىدۇ. قەلەم ساھىبى بولۇش ئادەمنى تۆۋەن پەشتاقتىن ئېگىز پەشتاققا يۈكسەلدۈرىدۇ. خۇددى سۆخەن پەزىلىتىگە ئىگە ئادەملەر باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ، ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغاندەك، خەت پۈتۈش پەزىلىتىگە ئىگە ئادەملەرمۇ ئالىم، ئىمام، فەقىھ ۋە مۇنشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئىزىد تەئەلانىڭ دىنىمۇ پادىشاھ تەرىپىدىن قەلەمنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە دۆلەت تەرتىپكە كىرگۈزۈلىدۇ. گەرچە بەزى ئادەملەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساۋاتسىز ئىدى، كېيىن ساۋاتلىق بولۇشى ئۇنىڭ مۆجىزىسى دېيىشىمۇ، ئۇ يېزىقچىلىقتا ئۆزلىرىنى كۆرسەتكەن بارچە يازغۇچىلاردىنمۇ بەكرەك ياخشى ئىش قىلدى ۋە بىلدى. ئالىملاردىن بەزىلىرى ئۇنى بارچە پەنلەرنىڭ بىلىمدانى دەيدۇ. ئەمما، ئىزىد تائالا ئۇنىڭغا «بۇنى ئۆزۈڭ يازما» دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئىزىد تائالا ئاسماندىن ئەۋەتكەن بارچە سەھىپىلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ يازدۇرۇشنى بۇيرۇدى. ۋەھىيلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم سەۋەبلىك ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە قوبۇل قىلدى. مۈلۈك ئادەتلىرى، ۋىلايەتتىكى قانۇن ۋە قائىدىلەرنى ئۇنىڭ ياردىمىدە ساقلايدۇ ۋە تەرتىپكە كەلتۈرىدۇ. يېزىقنىڭ پەزىلىتى بىلەن قول ئۆزۈك ۋە مۆھۈر بېزىكى بىلەن بېزەلدى، چۈنكى ئەجەم پادىشاھلىرى كۆردىلەركى، قىلىچ مەملىكەتنى ئالدى ۋە باشقۇرۇش ئاساسلىرىنى قۇردى، قەلەم بولسا مۈلۈك تەدبىرىنى بەلگىلەپ باشقۇرۇش قانۇنلىرىنى ساقلايدۇ ۋە بۇلارنىڭ ئىككىلىسىلا ئىستىپداتقا باغلىقتۇر. ئاساسىي تۈيغۇلار بەش: ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش، ھېس قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداقلا، بۇ بەش تۈيغۇنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنى باشتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار تاج ياسىدى ۋە ئۇنى باشقا كىيدۈردى، ھالقا ياساپ قۇلاققا تاقىدى، بىلەزۈك ياساپ بىلەككە سالدى، ئۈزۈك ياساپ بارماققا تاقىدى ۋە دېدىكى، قىلىچ قولنىڭ پەزىلىتى ۋە كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىلەزۈكنىڭ شەرىپى زۆرۈر، قەلەم بولسا بارماقنىڭ كۈچى ۋە ئىستىپداتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۈزۈك شەرىپىنى بەردى. ئۇ نامە يېزىپ يوشۇرۇن نەرسىلەرنى رەقەم قىلغان پەيتتە، ساتقۇن ـ نامەردلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق

قىلىش ئۈچۈن ئۈستىگە مۆھۈر باستى. ئۇلار خەتنى ئاۋۋال ياخشى ئوراشنى، ئاندىن مۆھۈر بېسىپ، مۆھۈرنى پېچەت بىلەن بېكىتىشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بۇ دۇنيا مۆھۈرىنىڭ نامەسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، چۈنكى ئادەم يەر ۋە كۆكنى ياراتقۇچىنىڭ ئايەتلىرىگە يېزىلغان ۋە تەبىئەت يېپى بىلەن باغلانغان، دىل ئۈزۈكىنىڭ مۆھۈرى بىلەن مۆھۈرلەنگەن ۋە بېشىدىكى ئەقىلگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئالەم مۆھۈرىنىڭ نامەسىدۇر. دانالار كۆرۈنۈشىدىن ئېتىبارسىز ۋە تېپىلىشى ئاسان بولغان قەلەمنى ئەسۋاب ھېسابىغا كىرگۈزدى، ئەمما ھەسەل ھەرىسى ۋە يىپەك قۇرتى قارىماققا ئېتىبارسىز بولسىمۇ، پادىشاھلارغا پايدىسى كۆپ ھەم كەم ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى بەرگىنىگە ئوخشاش، قەلەم يازغانلىرىنىڭ قەدرى ۋە نەتىجىسى بىلەن قىممەتلىكتۇر. بۇ ئەسۋابنىڭ ئۈچ خىلى بار: ئۇلاردىن بىرسى، ناھايىتى قىيىق ۋە ئۇنىڭ خېتى سىيمىي دېيىلىدۇ، ئىككىنچىسى، توغرا ۋە ئۇنىڭ خېتى زەررىن دېيىلىدۇ، ئۈچىنچىسى بولسا قىيىق بىلەن توغرىنىڭ ئارىسىدا، ئۇنىڭدا يېزىلغىنى لۇئلۇئىي دېيىلىدۇ. ھۆسنىخەت تۆت تەلەپكە جاۋاب بېرىشى زۆرۈر: بىرىنچىدىن، ھەرپلەر مەلۇم چوڭ - كىچىكلىكتە بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئۇ مەلۇم شەكىلدە بولۇشى، ئۈچىنچىدىن، ئۇ گۈزەل ۋە راۋان بولۇشى كېرەك، بۇ قەلەمنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ھەتتا قولنىڭ ماھارىتىگە باغلىق. تۆتىنچىدىن، يېزىشتا ئۆلچەمگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. «را» (ر)نى نۇن (ن) دەك ۋە نۇننى رادەك يازماسلىق لازىم. ۋاۋ (و) نىڭ، قاپ (ق)نىڭ ۋە پا (پ)نىڭ كۆزلىرى ئامال بار بىر - بىرىدىن پەرق قىلماسلىقى، چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل، ئىنچىكىمۇ، توممۇ بولماسلىقى كېرەك. نۇن (ن)، قاپ (ق)، سادنىڭ سوزۇلۇشى ۋە لام (ل) ئەلىف (ا)نىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر خىل بولۇشى كېرەك. بۇ قائىدىگە رىئايە قىلىنىغاندا، ئەگەردە خەت ياخشى بولمىسىمۇ ئۇ چىرايلىق، تەكشى، راۋان ۋە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئالىملار، ئەڭ ياخشى خەتنىڭ ئوقۇلۇشى ئاسان بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ھۆسنىخەت ئۈچۈن ئۈچ ياخشى نەرسە كېرەك. ئەگەر شۇ ئۈچ نەرسىدىن بىرسى ياخشى بولمىسا، گەرچە خەتتات ئۇستا بولسىمۇ، ئۇ ھالدا خەت ياخشى بولمايدۇ. بىرىنچىسى، قەلەم، ئىككىنچىسى، سىياھ، ئۈچىنچىسى، قەغەز. ئەگەر بىرەر كىشى خەتتاتنىڭ قولىدا ھۆسنىخەت ئۆگەنسە، ئۇ ھالدا ئۇ يازغان ھەرپ ۋە سۆزلەر ھېچقاچان ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، چۈنكى ھەرپلەر ۋە سۆزلەر سانى ھەققىدىكى قائىدىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە جايلىشىپ قالىدۇ. ئۇ قاچان بىرەر نەرسە يازماقچى بولسا، قولىنى يۈرىكىنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن خەتنى قانداق ئۆگەتكەن بولسا، شۇنداق چىقىدۇ، ھەرپلەر ياكى سۆزلەر كەمدىن - كەم ناچار بولىدۇ. ھۆسنىخەت گۈزەل چىراي ۋە بەركامال قامەتكە، كۆرۈمسىز خەت بولسا، بەتبەشىرە يۈز ۋە ئەزالىرى بىنورمال قامەتكە ئوخشايدۇ.

ھېكايەت: گەپ قەلەمنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە. ئەجدادلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن بىلگىنىمگە ئاساسلانغاندا، بىر زامانلاردا بىر ئەمىر پارس ھۆكۈمرانىغا تىغ بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «بۇ تىغنى ئېلىپ بېرىپ ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىغا قوي، لېكىن ھېچنەرسە دېمە.» ئەلچى باردى ۋە شۇنداق قىلدى. ئۇ ھېچنەرسە دېمەي تىغنى قويغاندا، ھۆكۈمران ۋەزىرگە جاۋاب بېرىشنى بۇيرۇدى. ۋەزىر قەلەمداننىڭ قاپقىقىنى ئاچتى - دە، ئەلچىگە بىر قەلەمنى ئېتىپ دېدى: «مانا جاۋاب.» ئەلچى ئەقىللىك ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ قانداق جاۋاب بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندى: «قەلەمنىڭ مەملىكەتتىكى ھەققانىيلىق ۋە تەرتىپسىزلىكلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك. قەلەم ساھىبى بولغان ۋەكىللەرنى قەدىرلەش زۆرۈر.»

ھېكايەت: بەننا خۇسرەۋنىڭ بۇرادىرى پەخرۇددەۋلە نىشاپۇرغا قاچقانىدى. ساھىب ئۇنى ئۆز مەكتۇبلىرىدا ئىتائەتسىزلىك قىلدى، دەپ قاتتىق كايىغانىدى. ئۇ ساھىبقا شۇنداق يازغان: «سەندە تىغ، مەندە بولسا قەلەم بار. كۆرىمىز، قايسىسىنىڭ كۈچۈكلۈكىنى.» ساھىب ئۇنىڭغا جاۋاب يازدى: «تىغ كۈچلۈك-

رەك، لېكىن قەلەم يۇكسەكراق. ئويلاپ كۆر، قايسىبىرى ئەۋزەلرەك.» پەخرۇددەۋلە بۇ نامەنى شەمسۇل - مەئالىيغا كۆرسەتتى. قابۇس ۋەشمەگىر بۇ نامەنىڭ ئۈستىگە: «كىمنىڭ كۆڭلى توغرا بولسا ئاماندۇر، ئالداپ بويۇن تولغىسا گەر شەرمەندە.» دەپ يېزىپ قويىدى.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، ئىراندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق ئادىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى تەشكىل قىلىنغان قارا لىباسلىق ئالاھىدە بىر قىسىم سىپاھلىرى بولۇپ، جەڭ قىزىغان پەيتتە ئاشۇ سىپاھلىرىنى ئالدىغا چىقىپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈركىستاندىن ئەللىك مىڭدەك زور قوشۇن بېسىپ كېلىپ ئۇرۇش خەۋپى تۇغدۇرۇپتۇ. بۇ پادىشاھ ئۆزى ياقتۇرىدىغان خاس ئادەملەر بىلەن مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇ جەڭنى باشقا كۈنى قىلىشنى ئىختىيار قىلىپ، قەلەمدان ۋە قەلەمنى تەلەپ قىلىپ، پارچە قەغەزگە: «ئېيتىڭلار، قارا لىباسلىق سىپاھلار قايتسۇن» دەپ يېزىپ ئۇنى ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر خەتنى ئوقۇپ چىقىپتۇ، لېكىن بۇ گەپ ئۇنىڭغا ياقماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈنىنىڭ قونجىدىن قەلەمداننى ئېلىپ «سىپاھداران» سۆزىنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇپ، ئۇنى «سىپاھداران» قىپتۇ، كېيىن «گەردەند» سۆزىگە بىر نۇن قوشۇپ، ئۇنى «نەگەردەند» قىپتۇ ۋە ئۆز قوشۇنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مەكتۇپنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈركىستان قوشۇنىغا زەربە بېرىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «سىيەرۇل - مۇلك»تە «بىر چېكىت بىلەن ئەللىك مىڭ قىلىچ تارمار قىلىنغان» دەپ يېزىلغان.

ئىراق زېمىنىدا قەلەمنىڭ ئون ئىككى خىلى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى، توم - ئىنچىكىلىكى ۋە شەكلى بار. خەتتاتلار ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بۈيۈك ئادەملەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ: بىرىنچىسى، «مۇقلىي» (ئىبىن مۇقلە)؛ ئىككىنچىسى، «مۇخەلخىلىي» (ئىبىن مۇخەلخىل)؛ ئۈچىنچىسى، «مۇقەففەئىي» (ئىبىن مۇقەففە)؛ تۆتىنچىسى، «مۇخەللىبىي»، بەشىنچىسى، «مېھرانىي»، ئالتىنچىسى، «ئەمىدىي»، يەتتىنچىسى، «بۇلپەزلىي»، سەككىزىنچىسى، «ئىسمائىلىي»، توققۇزىنچىسى، «سەئدىي»، ئونىنچىسى، «شەمسىي». بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئۆلچىمى ۋە شەكلى بار، ئۇلارنى تەرىپلەش ئۈچۈن ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت ئۇلاردىن «شەمسىي»نىڭ تەرىپىنى كەلتۈرىمىز. بۇ قەلەم شەمسۇل - مەئالىينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ باغداد ياكى مىسىر قومۇشىدىن ياسىلىدۇ. شەمسۇل - مەئالىي شۇنداق دېگەن: «دىۋان كاتىپلىرىغا قاتتىق قومۇش زۆرۈر، چۈنكى ئۇلار قەلەمنى كىتىرلىتىپ يازىدۇ. ئۇلارنىڭ يېزىقى ئەلا دەرىجىدە.» ئۇ يەنە شۇنداق دېگەن: «پادىشاھلارنىڭ قەلىمى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇلار بارماقلىرى بىلەن بېسىپ يازغانلىرىدا قىينالمىسۇن، چۈنكى پادىشاھلارنىڭ قەغەزنى تىزلىرىغا قويۇشى ۋە يېزىشى ئۈچۈن كاتىپلاردەك ئولتۇرۇش توغرا بولمايدۇ. ئۇلار چازا قورۇپ ئولتۇرۇشى ۋە قەغەزنى بىر قولى بىلەن مۇئەللەقتە تۇتۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. ياخشى يېزىش ئۈچۈن كۆپ يېزىش كېرەك.»

## ئات ۋە ئاتنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىش كېرەك

ئېيتىلىشىچە، تۆت ئاياغلىقلارنىڭ ئىچىدە ئاتتىن ياخشىسى يوق، چۈنكى ئۇ ئۇتلىغۇچى تۆت ئاياغلىقلارنىڭ پادىشاھىدۇر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام «خەير يىلقىنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان» دېگەن. پارسلار ئاتنى «بادجان» (ئەل جېنى)، رۇمىيلار «بادپاي» (شامال ئاياغلىق)، تۈركلەر «قۇتلۇق قەدەم» ۋە «بەختلىك قىلغۇچى»، ھىندىلار «تەختى راۋان»، ئەرەبلەر «يەردىكى بۇراق» دەپ ئاتىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇ-

ياشنىڭ تەقدىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان پەرىشتە ئەلۇس دەپ ئاتىلىدىغان ئات سۈرىتىدە ئىمىش. ئۇلۇغلار ئاتنى تەرىپلەپ كۆپلىگەن سۆزلەرنى ئېيتقان. ئېيتىلغانكى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئات كەلتۈرگەندە، ئۇ: «خۇدايىتائالاغا شۈكرانە بولسۇنكى، ئۇ ماڭا ئىككى شامالنى بويسۇندۇردى: بىرىنچىسى جانلىق، ئىككىنچىسى جانسىز. بىرىنچىسىنىڭ ياردىمىدە مەن يەردە يۈرىمەن، ئىككىنچىسىنىڭ ياردىمىدە بولسا، ھاۋادا» دېگەنىكەن. ئەفرىدۇندىن سورىدى: «ئەي شاھ! نېمە ئۈچۈن ئاتقا مىنمەيسەن؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «يەزدانغا يېتەرلىك دەرىجىدە مىننەتدارچىلىق بىلدۈرەلمەسمەنمىكىن دەپ قورقىمەن.» كەيخۇسرەۋ ئېيتقانكى: «مېنىڭ پادىشاھلىقىمدا ئاتتىن قىممەتلىكرەك نەرسە يوق.»

ھېكايەت: خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ مىنىشى ئۈچۈن شەبدىز دېگەن ئات كەلتۈرۈلدى. ئۇ: «ئەگەر يەزداننىڭ ئادەمدىن ياخشىراق قۇلى بولغىنىدا، ئۇ بىزگە ئالەمنى بەرمىگەن بولاتتى، ئەگەردە ئاتتىنمۇ ياخشىراق تۆت ئاياغلىق بولغىنىدا، ئۇ ئاتنى مىنىپ يۈرىدىغان جانىۋار قىلماس ئىدى» دېدى. كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ: «پادىشاھ ئىنسانلارنىڭ يولباشچىسى، ئات بولسا تۆت ئاياغلىقلارنىڭ يولباشچىسىدۇر» دېدى. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئېيتىدۇكى: «مېنىڭ ئاتنى ياراتقىنىم ئىبرەتىمدۇر.» ئافراسىياپ ئېيتقانكى: «ئەرگە ئات شۇنداقكى، كۆككە ئاي.» ئۇلۇغلار «ئاتنى قەدىرلەش كېرەك، چۈنكى ئۇنى كەمسىتكەن ئادەم دۈشمەننىڭ قولىدا كەمسىتىلىدۇ» دېگەن. خەلىپە مەئمۇن «ئات نەقەدەر ياخشى، ئۇ ئاسمانۇ پەلەك ۋە تەختنى راۋاندۇر» دېگەن. مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — شۇنداق ئېيتقان: «ھەقتائالا ئىنساننى يۈكسەلدۈرۈش ۋە شەيتاننى تۆۋەن قىلىش ئۈچۈن ئاتنى ياراتقان.» ئابدۇللا ئىبنى تاھىر: «مەن ئۈچۈن ئاتقا مىنىش پەلەك بويىنىغا مىنىشتىن ئەۋزەلرەك» دېگەن. نۇئمان ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئات بولمىغان بولسا، ھەربىيلەرگە ‹جەسۇر ئادەملەر› دېگەن نام نالايىق بولۇر ئىدى.» نەسر ئىبنى سەييار: «ئات — جەڭ تەختى ۋە جەڭ قوراللىرىنىڭ گۈلىدۇر» دېگەن. مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفىر ئېيتقانكى: «ئات — قىلىچ پارقىرىغاندا قان يامغۇرىنى ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر.»

ئەمدى تەجرىبىدىن مەلۇم بولغان ئاتلارنىڭ خاسىيەتلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە پەزىلەتلىرى، ياخشى ئالامەتلىرى ھەمدە پارسلارنىڭ ئاتلارغا قويغان بەزى ناملىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز.

## پارس تىلىدا ئاتلارنىڭ ناملىرى

ئەلۇس، چەرمە، سۇرخ چەرمە، تازىي چەرمە، خىڭ، بادخىڭ، مەگەسخىڭ، سەبزخىڭ، نېسە كۇمەيت، شەبدىز خۇرشىد، گورسۇرخ، زەردرەخش، سېھرەخش، خۇرماگۇن، چەشىنە، شۇلەك، ئېسە، ئەبرگۇن، خاكرەڭ، دىزە، بېھگۇن، مەيگۇن، بادرەۋىي، گۇلگۇن، ئەرغۇۋان، بەھارگۇن، ئابگۇن، نىلگۇن، ئەبركەس، نەۋبەر، سەنىدزەردە، بورسەر، بىنەپشەگۇن، ئەدبەس، زاغچەشم، سەبزپوست، سىمگۇن، ئەبلەق، سەپىد، سەمەند.

ئەلۇسنى تەرىپلەيدىغان بولساق، بۇ ئات ھەققىدە شۇنداق ئېيتىلغانكى، ئۇ ئاسماندا ئۇچقاندەك چاپىدۇ، ناھايىتى زېرەك ۋە باشقا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلايدۇ. ئۇ بەك قانائەتلىك، ئەمما سوغۇققا چىدامسىز. بۇنداق ئات ئىگىسى بولۇش بەخت، لېكىن ئۇ ئىنتايىن نازۇك. چەرمە ناھايىتى چاپقۇر ۋە زېرەك. سىياھچەرم — بەخت كەلتۈرىدۇ. كۇمەيت — قىيىنچىلىققا چىداملىق. شەبدىز — بەخت كەلتۈرگۈچى مۇبارەك ئات. خۇرشىد — بەخت كەلتۈرىدۇ، لېكىن ئانچە چاپقۇر ئەمەس. سەمەند — چىدامچان. ئېسە — ئىگىسىگە دوست ۋە مېھرىبان. سەپېدزەردە — پادىشاھلارنىڭ مىنىشىگە يارايدۇ.

نىسە كۆمەيت ــ كېسەلچان ۋە بەتخۇي.

ئاتلارنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ھەرخىل تۈرلىرى بار. ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ ھايۋانات ھەققىدىكى كىتا-بىدا بۇ ھەقتە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قۇشلار رەڭگىدىكى، خۇسۇسەن ئاق ئات ياخشى ۋە ئېتىبارغا لايىق. ئۇنىڭ ئىگىسى جەڭدە ھەر دائىم زەپەر قازىنىدۇ. بۇنداق ئاتنى پادىشاھ مىنسە يارىشىدۇ. زەردىنىڭ كۆزلىرى كۆل رەڭ، ئۆزى كەھرىۋا رەڭگىدە. بۇركۇت سۈپەت خىلىغا ئوخشايدىغان، ئاق ۋە سېرىق نىشانلىق ياكى يۈزى ۋە ئاياغلىرى ئاق كۆمەيت رەڭلىك ئات ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى سائادەتمەن ۋە خۇشاللىق كەلتۈرگۈچىدۇر. پادىشاھلارغا قىرغاۋۇل رەڭلىك ياكى يۈزىدە چوڭ ئاق نىشانى بار ئاتلار ياراشمايدۇ. ئاتلارنىڭ سائادەتمەن نىشانلىرىنى ئېيتساق، ئۇلاردىن بىرسىنىڭ نامى پارسچە گۆرد دېيىلىدۇ. بۇ سائادەتلىك ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. سېرىق ۋە قىزغۇچ تېرىلىك ئات سوغۇققا چىدامسىز. رەسۇل ئەلەيھىسسالام «ئاتلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چاپقۇرى ئەشقەردۇر» دېگەن. مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ ئەڭ جەسۇر ئات كۆمەيت، ئەڭ قورقۇمسىزى قاپقارا، ئەڭ كۆچلۈكى ۋە خۇشخۇلقلۇقى خىلىڭ، ئەڭ قابىلىيەتلىكى سەمەند، دېگەن. خىلىڭ زاتلىق ئاتلارنىڭ ئىچىدە مېڭە ئۈستى، پېشانىسى، ئاياغلىرى، قورسىقى، تۇمشۇقى، قۇيرۇقى ۋە كۆزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قارا بولغىنى ياخشىدۇر. بۇلار زۆرۈر بولغىنى ئۈچۈن كىتابتا ئەسلىتىپ ئۆتۈلدى. ئۆتكەن زامانلاردا باشقا ھېچقايسى خەلق ئاتلارنى، ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە كەمچىلىكلىرىنى پارسلارچىلىك ياخشى بىلمىگەن، چۈنكى ئاشۇ پەيتلەردە پۈتۈن جاھان ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى ۋە ئەرەب، ئەجەمدىكى ھەممە جايلاردا ياخشى ئاتلار بولسا، ئېلىپ كېلىنەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق خەلق بۇنى تۈركلەردىن ياخشىراق بىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە جاھان ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىدۇر.

## لاچىن ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەمدە ئۇ توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىش كېرەك

لاچىن پادىشاھلارنىڭ ئۇۋدىكى ئۇلپىتىدۇر. شاھلار ئۇنىڭ بىلەن خۇشاللىق تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. لاچىننىڭ خۇلقى نازۇكلۇقى ۋە پاكىزلىقى بىلەن پادىشاھلارنىڭ خۇلقىغا ئوخشايدۇ. بۇ-رۇنقىلار «خۇددى تۆت ئاياغلىق ئوتخور ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى ئات، پاكىز گۆھەرلەرنىڭ پادىشاھى ياقۇت، مەدەنلەر پادىشاھى ئالتۇن بولغىنىدەك، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى لاچىندۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۇ-چۈن، لاچىن باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا پادىشاھلارغا بەكرەك يارىشىدۇ. لاچىندا باشقا ھايۋانلاردا يوق بول-غان ئۇلۇغۋارلىق بار. بۈركۈت لاچىندىن چوڭ، لېكىن ئۇنىڭدا لاچىندەك ئۇلۇغۋارلىق يوق. پادىشاھلار لاچىننى تاماشا قىلىش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، دەپ قارايدۇ. لاچىن پادىشاھنىڭ قولىغا تېز ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىسا، بۇ پادىشاھنىڭ يېڭىدىن بىر ۋىلايەتنى ئىستېلا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئەكسى بولسا، ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، بېشىنى ئېگىپ تۈرۈپ كۆتۈرۈلسە، پادىشاھلىقنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇۋنى تۇتۇپ قىيقىرىپ قايتسا، قوشۇندا غەلىيان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كۆتۈرۈلۈش پەيتىدە ئۇۋنى ئالالمىسا، زەرەر كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوڭ كۆزى بىلەن ئاسمانغا قارىسا، پادىشاھلىق ئىشلىرى يۈكسىلىدۇ. ئەگەر چەپ كۆزى بىلەن قارىسا، زەرەر بو-لىدۇ. لاچىن ئۇۋ جەريانىدا باشقا لاچىن بىلەن جەڭ قىلسا، يېڭى دۈشمەن پەيدا بولىدۇ.

## لاچىن تاللاش ھەققىدە

لاچىننىڭ خىللىرى كۆپ، لېكىن ئاقۇچ، سارغۇچ، قىزغۇچ ياكى ساپسېرىقى ياخشىدۇر. ئاقۇچ لاچىن ئوۋغا ھېرىسمەن، لېكىن ئۇ كېسەلچان ۋە كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدۇ. ئاقۇچتىن قالسا ئوۋغا ئەڭ ھېرىسمىنى سېرىقىدۇر، شۇنداقلا ئۇ ساغلامدۇر. قىزغۇچ كەلگىنى بۇ ئىككىسگە قارىغاندا ساغلام، لېكىن ئۇ كۆڭۈلگە ياقمايدۇ. ئۇنىڭ جۇغى باشقىلارغا قارىغاندا چوڭراق. مېنىڭ بىر زامانداشىمدىن ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، لاچىننى ھېچكىم ماھانماھ ۋەشمەگىردىن ياخشىراق بىلمەيدىكەن، چۈنكى ئۇ يىل بويى ئون ئىككى ئاي ئوۋ ئوۋلايدىكەن. ساراي ئەمەلدارلىرىدىن بولغان ئەلى قەمەھ لاچىننى ياخشى بىلىدىكەن، لېكىن كۆپچىلىكنىڭ تەكىتلىشىچە، ھېچكىم ماھانماھتىن ياخشىراق بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ تاغلىقلارنىڭ تىلىدا «لاچىن» ناملىق كىتابى بار. ئۇ كاتتا ئەسەر. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر خىل رەڭدىكى ھەممە ھايۋانلار ئالا ـ بۇلا ۋە ئارىلاشقان زاتلىرىدىن ياخشىراق، ئەمما لاچىن تاللاشتا پەيلىرى قاتتىق، يۇملاق ۋە دىقماق، قامىتى كېلىشكىنىنى ئېلىش زۆرۈر. مەسىلەن، بېشى كىچىك ۋە كالتە، پېشانىسى كەڭ، كۆزى ۋە كېكىرتىكى چوڭ، كۆكرىكى كەڭ ۋە ئېگىلگەن، بەدىنى يوغان، قۇيرۇقى چوڭ، پەيلىرى قاتتىق، پەنجىسى مۇستەھكەم، تاپىنى قارا، ئايىغى سەۋزە رەڭ بولۇشى زۆرۈر. بۇنداق سۈپەتلىرى بار لاچىنلارنىڭ ئادەتتە ئاقۇچ، ساپسېرىق ياكى قىپقىزىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ ناھايىتى قىممەتكە توختايدۇ.

ھېكايەت: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۈيۈك پادشاھ ماھان دانالىقى ۋە بەركامالىلىقى بىلەن داڭ چىقارغان. بىر كۈنى ئۇ قولىغا لاچىننى قوندۇرغان ھالدا سۇ ئىچىۋاتقان قۇشچىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى يۈز كالتەك ئۇرۇپ جازالاشنى بۇيرۇدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «قىزىق ئىش! لاچىن دېگەن قۇشلارنىڭ شاھى، پادشاھلارنىڭ قولىدىكى ئەڭ ئەزىز ۋە مۆھتەرەم نەرسە. سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ پادشاھلار ئىززەتلەيدىغان نەرسە قولۇڭدا تۇرۇپتۇ ـ يۇ، سەن بولساڭ سۇ ياكى باشقا بىرەر نەرسە ئىچمەكتىسەن.» قۇشچى دېدى: «خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئەگەر ئۆزۈم ئۇسساپ كەتكەن بولسام، ئەمما قولۇمدا لاچىن بولسا قانداق قىلىمەن؟» شاھ جاۋاب بەردى: «ئۇنى بۇ ئىشقا لاياقەتلىك ئادەمگە بەر. ئۇ لاچىننى تۇتۇپ تۇرىدۇ. سەن بولساڭ سۇ ئىچەمسەن ياكى باشقا ئىچىملىك ئىچەمسەن، ئىچىپ چاڭقاقلىقىڭنى قاندۇر!»

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، ئەبۇ ئابدۇللا خەتىب فەخرۇددەۋلەنىڭ بۇرادىرى ئەمىر ئەبۇل ئابباسنىڭ مۇرەببىيسى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇردى، يېشى كىچىك ئەمىر ئەبۇل ئابباس تۆۋەندە، يەنى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بىر خىزمەتكار قولىغا لاچىن قوندۇرۇۋالغانىدى. ئەبۇل ئابباس ئۇنىڭدىن لاچىننى ئېلىپ قولىغا قوندۇردى ۋە شۇ زامانلا تۇكۇردى. كېيىن ئابدۇللا خەتىبنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ مالامەت قىلىپ دېدى: «ئەگەر سېنىڭ يېشىڭ كىچىك بولمىغان بولسا ۋە تېخى ئەدەپ ئۆگەنمىگەنلىكىڭنى نەزەردە تۇتمىغان بولسام، سېنىڭ ئەدىپىڭنى شۇنداق بېرەتتىمكى، داد دەپ تاشلايتتىڭ! چۈنكى، سەن مەلىك ۋە مەلىكزادە تۇرۇپ، شاھلار تەرىپىدىن ئەزىز كۆرۈلگەن نەرسىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئەدەپسىزلىك قىلدىڭ، تۇكۇردۇڭ.» ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئايىغىنى ئېلىپ، خىزمەتكارنىڭ بويىنىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن: «نېمىشقا سىلەر شاھزادىلەرگە بۇنداق تەربىيە بېرىسىلەر، ئۇ نېمىشقا ئەدەپسىزلىككە يول قويىدۇ، قوللىرىدا لاچىن تۇرسىمۇ تۇكۇرىدۇ؟» دەپ چېچىلدى.

## مەينىڭ پايدىسى ھەققىدە

ھەكىملەردىن جالىنۇس ، سۇقرات ۋە بۇقرات (ھىپپۇكرات)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، مۇھەممەد زەكەريا، بەختىشۇئ ۋە سابىتئىبنى كۇررا قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنسان تېنى ئۈچۈن مەيدىن پايدىلىقراق نەرسە يوق، خۇسۇسەن، ئۈزۈمدىن قىلىنغان، ئاچچىق ۋە سۈزۈك مۇسەللەس پايدىلىق. ئۇ غەمدىن خالاس قىلىدۇ، قەلبنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدۇ، سەمرىتىدۇ، ئېغىر تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، مەگزىنى قىزارتىدۇ، يۈز تېرىسىنى پارقىرىتىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلايدۇ، پېخسىقنى سېخىي، قورقۇنچاقنى جەسۇر قىلىدۇ ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەي ئىچىدىغان ئادەم ساغلام بولىدۇ، چۈنكى قىزىتما كېسەللىكلەر شىلىمشىق ۋە زىيانلىق خىلىتتىن بولىدۇ ۋە كۆپ مەي ئىچكەن ئادەملەردە بۇ ھال كەم ئۇچرايدۇ. ئىچ سۈرگەن ۋاقىتتا ئاشقازاندا زىيانلىق خىلىتلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ. بەزى زېرەك ئادەملەر مەينى ھەقىقىي ئىنسانىيلىق مەھەكى، دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئىدراك تەنقىدچىسى دېسە، بەزىلەر بىلىم مىزانى، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا قابىلىيەت ئەينىكى، دەيدۇ. ئۇلۇغلار مەينى غەمدىن خالاس قىلغۇچى، بەزىلەر بولسا غەم كەلتۈرگۈچى، دېيىشىدۇ. كىمكى بەش جام مەي ئىچسە، ئۆزىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، يەنى ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئۇ ناتونۇشنى دوست قىلىدۇ ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دوستلارنى بىر يەرگە جەم قىلىدۇ. مەي ناھايىتى خۇش ياقىدىغان نەرسە، دۇنيادىكى بارچە يېيىلىدىغان نەرسىلەرنى، يەنى، مايلىق ـ مايسىز، تاتلىق ياكى ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى تويغاندىن كېيىن يېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئارتۇقچە يېيىلسە، ئادەم تەبىئىتىگە ماس كەلمەي، كۆڭۈلنى ئايىنىتىدۇ. مەينى بولسا قانچە كۆپ ئىچسەڭ، شۇنچە ئىچكۈڭ كېلىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا تويمايدۇ ۋە ئادەم تەبىئىتىگە زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئىچىملىكلەرنىڭ شاھىدۇر. جەننەتتە نېمەتلەر كۆپ، لېكىن مەي جەننەتنىڭ ئەڭ ئەلا نېمىتىدۇر، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئىزىد تائالا ئىككى جاھان نېمىتى تەسەررۇپىدا بولسىمۇ ئۇنى ئالمىغان بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دانا كىتابىدا ئەسلەتكىنىدەك: «ئۇلارنىڭ غوجىسى ئۇلارغا تازا مەي ئىچۈردى»، يەنە بىر جايدا دېگىنىدەك: «ئۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق، لېكىن ئۇنىڭ گۇناھى پايدىسىدىن كۆپرەك.» ئۇنىڭدا ئادەملەر ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلەر كۆپ، لېكىن ئۇنىڭ گۇناھى پايدىسىدىن كۆپرەك. دانا ئادەم شۇنداق ئىچىشى زۆرۈركى، ئۇنىڭ پايدىسى گۇناھىدىن كۆپرەك بولسۇن، قىينالماسلىق ئۈچۈن ئۇ ئۆز روھىيىتىنى شۇنداق تەربىيەلەيدۇكى، ئىچىشنى باشلىغىنىدىن تاكى تۈگىگۈچە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىمۇ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىمۇ ھېچقانداق قوپاللىق ۋە يامانلىق نامايان بولمايدۇ، پەقەت ياخشىلىق ۋە قۇۋناقلىق بولىدۇ. ئۇ شۇ دەرىجىگە يەتكىنىدىلا مەي ئىچىشى مۇمكىن. مەينىڭ ئەۋزەللىكلىرى ناھايىتى كۆپ. ھازىر بىز مەينىڭ پايدا ۋە زىيانلىرى ھەققىدە ھەمدە جالىنۇس، ئىبنى زەكەريا رازىي، غوجا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە باشقا بۈيۈك شىپاكارلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلىنىپ، بۇ زەرەرلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ھەققىدە تەپسىلىي ئەسلىتىپ ئۆتىمىز.

سەرخۇش مەينىڭ پايدىسى: ئۇ تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئاساسىي ھارارەتنى، يەنى تەبىئىي ھارارەتنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ بەدەننى بەقۇۋۋەتلىك قىلىدۇ ۋە سۈيدۈك، تەر ۋە بۇسنىڭ ياردىمىدە ئۇنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ زىيىنى: ھاياجىنى بەك كۈچلۈك باللار ئۈچۈن ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىنى يوقىتىش: ئەگەر ھاياجىنى كۈچلۈك ئادەملەر ئۇنى ئىچمەكچى بولسا، سۇ ۋە گۈل سۈيى قوشۇپ ئىچىشى كې-

رەك، شۇ چاغدىلا زىيانسىز بولىدۇ.

سۆيۈق ئاق مەينىڭ پايدىسى: ئۇنى ئىچكەندە كۆپ تاماق يېيىش تەلەپ قىلىنمايدۇ ۋە ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىشىگە ماس كېلىدۇ. ئۇ سۆيدۈكنىڭ ياردىمى بىلەن ئاستا - ئاستا سەپرانى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنى: قارا سەپرا ئادەملەرنىڭ ئاشقازىنىنى بىئارام قىلىدۇ ۋە بوغۇملارنى ئاغرىتىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىنى يوقىتىش: قېتىق سېلىنغان سۆيۈق ئاش ئىچىلىدۇ؛ يەڭگىل تائام ۋە قورۇتۇلغان كاۋاپ يېيىلىدۇ. شۇندىلا ئۇ زىيانسىز ۋە پايدىلىق بولىدۇ.

سۆيۈق، لايقا مەينىڭ پايدىسى: ئەگەر ئۇ ياخشى بولسا، مۇسەللەسلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىدۇر ۋە ھاياجانلىنىشقا نورمال بېرىلىدىغان ئادەملەرگە ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئادەملەرگە زىيانلىق. ئۇنىڭ زىيىنىنى يوقىتىش: سۇ ۋە گۈل سۈيى قوشۇپ ئىچىلگەندىن كېيىن ئانار سۈيى ئىچىپ بېرىلىدۇ. شۇندىلا ئۇ زىيانسىز بولىدۇ.

ئاچچىق، لايقا مەينىڭ پايدىسى: ئۇ دەم سىقىلىشنى ھەمدە ھورۇنلۇقنى يوقىتىدۇ ۋە ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، قورساق ئاغرىقىغىمۇ پايدىلىق. ئۇنىڭ زەرەرى: ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئادەملەر بېشى ئاغرىغان ۋە جىگىرى شامالدىغان ۋاقىتلاردا ئىچسە، زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: ئۇنىڭغا سۇ قوشۇپ ئىچىش كېرەك، ئاچچىق - چۈچۈك تاماق يېيىلىدۇ ۋە چۈچۈمەل مېۋىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

رەيھانىي مەينىڭ پايدىسى: ئۇ يۈرەككە قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ ۋە ئاشقازاندىكى يەلنى ھەيدەيدۇ. يەنە بەزىگەك كېسەللىكىگىمۇ پايدىلىق. ئۇنىڭ زەرەرى: ئۇ كۆز ۋە باشنى ئاغرىتىدۇ، تېز سەرخۇش قىلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: گۈلاب ۋە بىنەپشە ياردەم بېرىدۇ ھەم چۈچۈمەل مېۋىلەر زاكۇسكا قىلىنىدۇ.

يېڭى سېلىنغان مۇسەللەسنىڭ پايدىسى: ئۇ قاننى كۆپەيتىدۇ ھەم قان تومۇرلارنى ئاچىدۇ، يۈرىكىمۇ سەرخۇش قىلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن ئادەملەرگە ماس كەلمەيدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدا يەل پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: ئوتياش قوشۇپ، قورۇلغان قورۇما يېيىلىدۇ ھەم زاكۇسكا ئۈچۈن قورۇتۇلغان مېۋىلەرنى يېگەن ياخشى.

ئۇزاق ساقلانغان مۇسەللەسنىڭ پايدىسى: ئۇ سوغۇققان ۋە ئاشقازىنى كۆپىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى. ئۇ ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۆتنى ساغلام قىلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: ئۇ ئورۇق ۋە ۋىجىك ئادەملەر ئۈچۈن زىيانلىق. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: ئۇنىڭغا سۇ ئارىلاشتۇرۇش كېرەك، ئارپىدىن قىلىنغان سۆيۈق ئاش ئىچىلىدۇ. سوغۇق تاماق ۋە يېڭى مېۋىلەرنى يېيىش زىيانلىق.

سۈزۈك مۇسەللەسنىڭ پايدىسى: ئاشقازانغا پايدىلىق، قورساقتىكى يەلنى يوقىتىدۇ، باش ۋە كۆز ئاغرىقىنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: بۇ مۇسەللەس باشقا تېز تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: بەدەن قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك ئىچىش كېرەك.

ئارىلاشما ۋە سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇسەللەس: ئۇ شىركەيپ بولۇپ قالغان ۋە بېشى ئاغرىۋاتقانلارغا پايدىلىق، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئادەملەرگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: ئاشقازاندا يەل پەيدا قىلىدۇ، بوغۇملارنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازان ھەمدە جىگەرنى سوۋۇتىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: شورپا ئىچىش، قورۇلغان گۆش ھەم دورىلىق زاكۇسكا يېيىش كېرەك. قورۇتۇلغان مېۋىلەرنى يېيىش لازىم.

چۈچۈمەل مۇسەللەس: ئاشقازىنى ۋە جىگىرى ئىسسىقلىققا مايىل ئادەملەرگە ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: جىنسىي ئىستەكنى يوقىتىدۇ ۋە پەيىنى بوشىتىدۇ. زەرەرىنى يوقىتىش: باشقا نەرسە قوشۇلمىغان شورپا، ھالۋا ۋە تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە زەرەرى يوقىتىلىدۇ.

قۇياش نۇرىغا قاقلانغان مۇسەللەس: بۇ ئەڭ ئىچىشلىك ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان مۇسەللەس. ئۇنىڭ

زەرەرى: قاننى تېز بۇزىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: سىركە ۋە زىرە قوشۇلغان شورپا، ئانار سېلىنغان شورپا، سىركە قوشۇلغان ھەسەللىك شەربەت قاتارلىقلار ئىچىلسە، زىيانسىز.

قارا ئۈزۈمدىن قىلىنغان مۇسەللەس: ئەگەر ئۇنى سۈزۈلدۈرسە، ئارىلاشما مۇسەللەسكە ئوخشايدۇ. ئۇ يەڭ-گىل مەيگە يېقىن ۋە ئېھتىراسى كۈچلۈكلەرگە ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ زەرەرى: ئەگەر ئۇ دۇغ بولسا، قارا مۇسەللەسكە ئوخشايدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قارا سەپرانى قوزغايدۇ، ئاشقازانغا يەل كېلىدۇ ھەم ئاشقازان-نى ئىششىتىپ، جىگەر تومۇرلىرىنى بۇلغايدۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: سىركە قوشۇلغان ھەسەللىك شەربەت ئىچىش لازىم.

خورمىدىن قىلىنغان مۇسەللەس: ئەگەر بۇ مۇسەللەس يېڭى بولسا، سەمرىتىدۇ ۋە قاننى كۆپەيتىدۇ. ئۇ-نىڭ زەرەرى: قويۇق ۋە تەستە ھەزىم بولىدۇ، جىگەر قان تومۇرلىرىنى بۇلغايدۇ ۋە قارا سەپرانى قوزغىتى-دۇ. ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش: ئاناردىن قىلىنغان مۇسەللەس ۋە سىركە قوشۇلغان ھەسەللىك شەربەت ئىچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قارا سەپرانى يوقىتىدىغان دورىلارمۇ يېيىلىدۇ.

مۇسەللەس توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەندى، يېتەر ئەمدى.

ئەمدى ئۈزۈمنىڭ قەيەردىن پەيدا بولغانلىقىنى ۋە مۇسەللەسنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېنىقلايمىز.

## مۇسەللەسنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ھېكايەت

تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، ھىراتتا ھەددى ـ ھېسابسىز خەزىنە ـ بايلىقتا ۋە سان ـ ساناقسىز سىپاھلارغا ئىگە بولغان قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ بولۇپ، پۈتۈن خوراسان ئۇنىڭ ھۆكمى ئاستىدا ئىدى. ئۇ جەمشىد ئەۋلادىدىن بولۇپ، شامىران دەپ ئاتىلاتتى. ھىراتتا بوگۇنكى كونگىچە ساقلىنىپ كەلگەن شامىران قەلئەسىنى ئاشۇ پادىشاھ قۇرغانىدى. ئۇنىڭ بادام ئىسىملىك ناھايىتى جەسۇر، قورقماس ۋە كۈچلۈك بىر ئوغلى بار ئىدى. شۇ زامانلاردا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان مەرگەن چىقمىغان. كۈنلەرنىڭ بى-رىدە شامىران دېرىزە ئالدىدا ئولتۇراتاتتى. بارچە بەگ ـ تۆرىلەر ئۇنىڭ قارشىسىدا تىك تۇرۇشاتتى. ئوغلى بادام بولسا ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. تۇيۇقسىزلا بىر ھوما قۇشى پەيدا بولۇپ، چىرقىراپ ئۇچۇپ چۈشتى ۋە تەخت ئالدىدىكى يەرگە قوندى. پادىشاھ شامىران ئۇنىڭغا قارىدى ۋە بوينىغا يىلان چىرمى-شىۋالغانلىقىنى ھەم ھوما قۇشىنى چېقىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شاھ شامىران: «ئەي ئىنسانلار، ئارسلانلىرىم! كىم يىلاننى بىر تال ئوق بىلەن ئېتىپ، بۇ ھوما قۇشىنى قۇتقۇزالايدۇ؟» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. «ئەي شاھىم، بۇ قۇلۇڭنىڭ ئىشىدۇر» دېدى بادام. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوقنى شۇنداق ئاتتىكى، ھوما قۇشىغا قىلچە زەرەر يەتكۈزمەي، يىلاننىڭ بېشىنى يەرگە قاداپ قويدى. ھوما قۇ-شى ئازابتىن خالاس بولغاندىن كېيىن، پەرۋاز قىلىپ بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى ـ دە، ئۇچۇپ كەتتى.

كېيىنكى يىلنىڭ دەل شۇ كۈنىدە شاھ شامىران يەنە بەگ ـ تۆرىلىرى بىلەن دېرىزە ئالدىدا ئولتۇ-رۇۋاتقىنىدا، ھېلىقى ھوما قۇشى يەنە پەيدا بولدى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ، يىلان ئۆلتۈرۈلگەن يەرگە قوندى. شۇ يەرگە تۇمشۇقىدىن نىمىنىدۇر تاشلىدى ـ دە، بىرنەچچە قېتىم چىر-قىراپ، ئاندىن ئۇچۇپ كەتتى. پادىشاھ قارىسا، بۇ ئۆتكەن يىلقى ھوما قۇشى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئەتراپىدىكىلەرگە خىتاب قىلدى: «بۇ بىز ئۆتكەن يىلى يىلاندىن قۇتقۇزغان ھوما قۇشى. بۇ يىل بىزنى تەقدىرلەپ سوۋغا ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك. قاراڭلار، تۇمشۇقى بىلەن يەرنى چوقۇۋاتىدۇ. بىرىپ بې-

قىلارنى ۋە تاپقان نەرسەڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار!»

ئىككى - ئۈچ ئادەم ھېلىقى يەرگە بېرىشتى ۋە ئىككى - ئۈچ تالدەك ئورۇق تېپىشتى. ئۇلار ئۇرۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھ شامىرانىنىڭ تەختىنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. پادىشاھ قاتتىق ئورۇقلارنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئالىملارنى ھەمدە زېرەك ئادەملەرنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئۇرۇقلارنى بىزگە ھۇما قۇشى سوۋغا قىلغان. سىلەر بۇنىڭدىن قانداق ئالامەت سەزدىڭلار، بۇ ئورۇقلارنى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟»

يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن بۇ ئورۇقنى تىكىش كېرەكلىكىنى ۋە يىل ئاخىرىغىچە ياخشى پەرۋىش قىلىپ، كۆزىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۇرۇقلارنى باغۋەنگە بەردى ۋە: «بىر يەرگە تىككىن ۋە تۆت ئاياغلىقلارنىڭ چەيلەپ سالماسلىقى ئۈچۈن ئەتراپىنى ئوراپ قوغدىغىن. ئۆسۈش جەريانىنى پات - پات بىزگە مەلۇم قىلىپ تۇر!» دېدى.

باغۋەن پادىشاھنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. بۇ نورۇز ئېيى ئىدى.

بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئورۇقلاردىن نوتا ئۆسۈپ چىقتى. باغۋەن پادىشاھقا بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى. پادىشاھ بەگ - تۆرە ۋە ئالىملار بىلەن نوتىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «بىز بۇنداق نوتا ۋە بەرگىلەرنى كۆرمىگەنىكەنمىز» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېتىشتى. ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ نوتىنىڭ پۇتاقلىرى كۆپەيدى، بەرگلىرى چوڭايدى ۋە مونچاق - مونچاق مېۋىلەر ئېسىلىپ چۈشتى. باغۋەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، باغدىكى ھېچقايسى دەرەخنىڭ بۇ نوتىدەك يېپىلىپ ئۆسمىگەنلىكىنى ئېيتتى. پادىشاھ ئالىملار بىلەن ئىككىنچى قېتىم بۇ دەرەخنى تاماشا قىلغىلى كەلدى. ئۇ نوتىنىڭ باراڭغا ئايلانغانلىقىنى ۋە ئۈزۈملەرنىڭ ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھەيران بولدى ۋە باشقا دەرەخلەرنىمۇ مېۋىسى پىشقۇچە كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، شۇ ۋاقىتتا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ قانداق تېتىيدىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. كېيىن ئۈزۈم دانلىرى چوڭىيىپ، مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشىپ كەتتى. ئەمما، ھېچكىم ئۇنى تېتىپ كۆرۈشكە پېتىنالمىدى. شۇنداق ھالەتتە كۈز كېلىپ، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئانار ۋە باشقا مېۋىلەر پىشىپ يېتىلدى.

پادىشاھ باغقا يەنە كەلدى. ئۇ كېلىپ، قويۇق، ئۆزۈم مېۋىسى ئېتىلىپ ياسانغان تال دەرەخلىرىنى كۆردى. ئۈزۈم مېۋىسى ئېتىلىپ، كۆكلۈكىدىن ئۆتۈپ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ھېقىقەتەك يالتىراپ تۇراتتى، پات - پات ئۈزۈم دانلىرى تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتاتتى. ھەممە ئالىملار بىر ئېغىزدىن بۇ ئۈزۈم دانلىرىنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقى ئۇلاردا پايدىلىق شەربەت بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ شەربەتنى ئېلىپ، كوزىغا قاچىلاپ، ساقلاپ قويۇش كېرەك، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىمىز، دېيىشتى. ئەمما، ھېچكىم مېۋىلەرنى يەپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى، بۇ مېۋىلەردە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان زەھەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قورقۇشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، باغقا كوزا ئېلىپ كېلىپ، ئۈزۈمنى ئېزىپ، ئۇنىڭدىن ئاققان شەربەت بىلەن ئۇنى تولدۇردى. ئاندىن پادىشاھ باغۋەنگە بۇيرۇدى: «قانداق ئەھۋالنى كۆرسەڭ، خەۋەر بەرگىن!»

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە قايتىپ كېتىشتى. ئۈزۈم سۈيى كوزىدا قايناشقا باشلىغاندا، باغۋەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بۇ شەربەت ئوتسىزمۇ خۇددى قازاندا قايىنىغاندەك قايناۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن نېمە دۇر چىقماقتا» دېدى. پادىشاھ: «ئۇ تىنچىغاندا، ماڭا ئېيت!» دېدى.

بىر كۈنى باغۋەن كوزىدىكى شەربەتنىڭ ناھايىتى سۈزۈلۈپ، تازىلىنىپ قالغانلىقىنى، لەئلدەك يالتىراپ تۇرغانلىقىنى ۋە تىنچلانغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ ۋە ئالىملار كېلىپ، ئۇنىڭ پاكىزلىقى ۋە رەڭگىنىڭ سۈزۈكلۈكىگە ھەيران بولۇپ، مۇنداق دېيىشتى: «بۇ دەرەخنىڭ

مەقسەت ۋە پايدىسى شۇنىڭدا. ئەمما، بىز بۇنىڭ زەھەرلىك ياكى شىپابەخش ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.» كېيىن ئۇلار زىنداندىن بىر قاتىلنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر جامدا ئىچۈرۈپ كۆرۈشنى ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىشنى ئېيتىشتى. قاتىل ئازراق ئىچىپ كۆرۈپ، جىمىپ قالدى. ئۇنىڭدىن «يەنە ئىچەمسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ھەئە...» دېدى. ئۇنىڭغا يەنە بىر جام بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇشال بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، تۇرلۇك قىلىقلارنى قىلدى، پادىشاھنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ گەپ بولماي قالدى. ئۇ دېدى: «ماڭا يەنە بىر جام بېرىڭلار، ئاندىن نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار. ئادەملەر ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان!» ئۇنىڭغا ئۈچىنچى جامنى بېرىشتى، ئۇنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ ئۇخلاپ قالدى ۋە ئەتىسىگىچە ئويغانمىدى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئاخشام ئۆزىنىڭ نېمە ئىچكەنلىكىنى ھەمدە ئۆزىنى قانداق ھېس قىلغانلىقىنى سورىدى. مەھبۇس شۇنداق دېدى: «نېمە ئىچكەنلىكىمنى بىلمىدىم، ئەمما ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەگەر مەن بۈگۈنمۇ ئاشۇ نەرسىدىن ئۈچ جام تاپالىغان بولسامچۇ! بىرىنچى جامنى زورغا ئىچتىم، چۈنكى ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق تېتىدى. لېكىن، ئاشقازىنىمغا كىرگەندىن كېيىن، تەبىئىتىم يەنە خالاپ قالدى. ئىككىنچى جامنى ئىچكىنىمدە بولسا، مېنى ئاجايىپ بىر خىل سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىق چىرمىۋالدىكى، ئۆزۈمدىن ئۇيات يوقىلىپ، ئالەم ئويۇنچۇق بولۇپ قالدى. پادىشاھ بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق پەرقىم يوق، دەپ ئويلىدىم ۋە ئالەم غېمىنى ئۇنتۇدۇم. ئۈچىنچى جامنى ئىچكەندىن كېيىن، مەززە قىلىپ ئۇخلاپتىمەن.»

پادىشاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى. بارچە ئالىملار بىر ئېغىزدىن «مەيدىن ياخشىراق ۋە ئەۋزەلرەك ھېچنەرسە يوق، چۈنكى باشقا تاماق ۋە مېۋىدە مۇسەللەستىكى خىسلەت ۋە ئالاھىدىلىك يوق» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ شامىران مەي ئىچىشنى ئۆگەندى. ئۇ بەزمىنى ئادەتكە كىرگۈزدى ۋە شۇنىڭدىن بېرى مەيخورلۇق مەزگىلىدە رۇد چېلىپ ناخشا ئېيتىشتى. ئۈزۈم ئۇرۇقى تىكىلگەن ئاشۇ باغ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنى خىرەۋزە دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىشتىكى جايدا.

ئادەملەر ئۈزۈمنىڭ يۈزدىن ئارتۇق خىلىنى ئېنىقلاپ چىققان.

## گۈزەل يۈزنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە

ئالىملار گۈزەل يۈزنى سائادەت دەپ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلايدۇ. چىرايلىق يۈزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئىنسانىنىڭ ھالىتىگە ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ بەختلىك جايلىشىشىدەك تەسىر قىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇ خۇددى مۇئەتتەر نەرسىلەر بىلەن ساندۇققا سېلىپ قويۇلغان كىيىمگە ئوخشايدۇ: بۇ خۇشبۇينى ئادەملەرگە ئاشۇ مۇئەتتەر نەرسىلەرسىزمۇ بېرىدۇ. ئۇ قۇياشنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ سۇدىكى ئەكسىگە ئوخشايدۇ، چۈنكى ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىدىكى گۈزەللىك ئىزىد تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىنسانلارغا يېتىپ كېلىدىغان سائادەت يۇلتۇزلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. گۈزەللىك بارچە تىللاردا تەرىپلىنىدۇ ۋە ھەرقانداق دىلغا خۇشياقىدۇ. دۇنيادا ياخشى نەرسىلەر كۆپ، ئۇلارنى كۆرۈپ بەھرىمەن بولۇش ئادەملەرنى شادلاندۇرىدۇ ۋە تەبىئەتلىرىنى پاكىز قىلىدۇ، ئەمما ھېچنەرسە گۈزەل يۈزنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، چۈنكى گۈزەل يۈز شۇنداق سۆيۈنۈش بەخش ئېتىدۇكى، باشقا ھېچقانداق سۆيۈنۈش ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئېيتىلىدۇكى، گۈزەل يۈز دۇنيا-

دىكى سائادەت سەۋەبچىسىدۇر. ئەگەر گۈزەل يۈز ياخشى خۇلق بىلەن بىرلەشسە، بەخت - سائادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولىدۇ. ئەگەر ئادەممۇ تاشقى كۆرۈنۈشى ھەم تەبىئىتى بىلەن ياخشى بولسا، خۇدا ۋە ئادەملەر ئۈچۈن سۆيۈملۈكتۇر. گۈزەل يۈز تۆت پەزىلەتكە ئىگىدۇر. ئۇلاردىن بىرىنچىسى شۇكى، گۈزەل يۈز ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ شۇ كۈننى خەيرلىك قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇش دەملىرىنى شېرىن قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ ئادەمنى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك ۋە ئالىيجاناب قىلىدۇ؛ تۆتىنچىسى، بايلىقنى كۆپەيتىدۇ ۋە يۇقىرى مەنسەپ ئاتا قىلىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئادەم تاڭ ئېتىۋاتقان مەھەلدە گۈزەل يۈزنى كۆرۈپ سۆيۈنگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ بەختلىكلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ ۋە شۇ كۈنى ئۇ پەقەت خۇشاللىق بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ. ئىنسان گۈزەل يۈزلۈك ئادەم بىلەن يانمۇيان ئولتۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات قوۋناق بولىدۇ، غەم - قايغۇسى كېتىدۇ ۋە ئىشلىرى ئىلگىرى باسىدۇ. بىرەر ئادەم، ھەتتاكى ئۇ يۈرەكلىك بولمىسىمۇ، يۈزى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەگەر گۈزەل يۈزلۈك ئادەمنى كۆرسە، ئۇنىڭدا جاسارەت ۋە ئالىيجانابلىق تۇيغۇلىرى ئويغىنىدۇ. ئادەملەر گۈزەل يۈزلۈك ئادەمنى كۆرگەنلىرىدە ئۇنىڭغا مېھىر ۋە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ، چۈنكى گۈزەللىك ھايات پەيزىنى سۈرۈشنىڭ خەيرلىك نىمىتىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۈزەل يۈز قېرىنى ياشارتىدۇ، ياشنى بالىغا، بالىنى بولسا پەرىشتىگە ئايلاندۇرىدۇ. رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «گۈزەل يۈزلۈك ئادەملەردىن ئۆزۈڭلارغا زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىنى تەلەپ قىلىڭلار.» ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن گۈزەل يۈزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نام قويىدۇ. بەزىلەر ئۇنى مۇھەببەت مەيدانى، بەزىلەر، شادخۇراملىق يولى، مۇلاقەت بېغى، مەۋجۇدات بېزىكى ۋە جەننەتنىڭ بەلگىسى، دەيدۇ. ئالىملار ۋە پەيلاسوپلار ئېيتىدۇرلاركى، گۈزەل يۈز ئاللاتائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىغا ئىسپات ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە دالالەتتۇر. گۈزەل يۈز ياراتقۇچىنىڭ ئەسىرىدۇر ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىزگۈلۈكنى نامايان قىلىدۇ. ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ھەربىر نەرسىدە ئارتۇقلۇق، كەملىك ۋە ماس كېلىش بار، يېگانە تەرتىپ ماس كېلىش ئارقىلىق شۇنداق تۈزۈلىدۇكى، ئەگەر ئېتىبار بەرسىڭىز ھەر جەھەتتىن ماس بولغان چىرايىنىڭ سۈرىتى بەركامالدۇر؛ بۇ جاھان مۇۋازىنەت بىلەن بەرپا قىلىنغان ۋە شۇ سەۋەبلىك گۈللەپ ياشنايدۇ. تەنسۇخۇل ئەرۋاھ (روھنىڭ كۆچۈپ ئۆتۈشى) تەرەپدارلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، چىراي ياراتقۇچىنىڭ قىممەتلىك تونى، قۇلىنىڭ ئالدىنقى ھاياتىدىكى پاك ۋە خەيرلىك ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىدۇر. ياراتقۇچى ئۆز نۇرى بىلەن ئۇنىڭغا گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، يۈز شام يورۇقى، شامنى يورۇتقۇچىدۇر. بەزىلەر ئۇنى باشتىكى گۈلچەمبىرەك، ئىلىم بېغىنى ياشناتقۇچى ۋە قېرىلىق دەرىخىنى گۈللىتىدىغان مەرھەمەت يامغۇرى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى، ئىزداشلارغا ھەقىقەتنى كۆرسەتكۈچى ۋە شۇ ھەقىقەتنىڭ ياردىمىدە ھەققە قايتىشنى تەمىنلىگۈچى ھەق بەلگىسى، دەيدۇ. گۈزەل چىراي ھەققىدە كۆپ يېزىلغان، ئەگەر بىز ھەممىسىنى ئەسلەتسەك گەپ ھەددىدىن تاشقىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئەمدى ئابدۇللا تاھىر ھەققىدىكى ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز.

**ھېكايەت:** ئېيتىلىشىچە، ئابدۇللا ئىبنى تاھىر ئۆز قوشۇنىدىكى سىپاھدارلىرىدىن بىرسىنى قاماپ، كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئىلتىماسلىرىغا قارىماي، ئۇنى مەھبۇسلۇقتا ساقلىماقتا ئىدى. ئاخىر ھەممە ئۈمىدىنى ئۈزدى. بۇ سىپاھدارنىڭ شېرىن سۆخەن كېنىزىكى بار ئىدى. ئۇ ئەرزنامە يازدى ۋە ئابدۇللا تاھىر ھەكىملىك مەجلىسىنى باشلىغان كۈنى پەرەنجە يېپىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەرزنامىسىنى تاپشۇرۇپ، دېدى: «ئەي ئەمىر، كەچۈرگىن، چۈنكى تاپقان — بېرىدۇ، قولىدىن كەلگەن — كەچۈرىدۇ.» ئابدۇللا: «كېنىزەك، خاجەڭنىڭ گۇناھى ئۇنى كەچۈرۈشكە بولغان ئۈمىدتىن چوڭراق» دېدى. كېنىزەك

ئېيتتىكى: «ئەي ئەمىر، مېنىڭ ھامىيىم سېنىڭ قارشىڭدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن چوڭراقتۇر.» ئەمىر سورىدى: «سېنىڭ ھامىيىڭنىڭ ئۆزى نېمە؟» بۇ چاغدا كېنىزەك قولى بىلەن چۆمبىلىنى ئاچتى ۋە يۈزىنى كۆرسىتىپ: «مانا مېنىڭ ھامىيىم!» دېدى. ئابدۇللا كېنىزەكنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ، مۇنداق دېدى: «سەن ئېلىپ كەلگەن ھامىي بۈيۈك ئىكەن، ئەمما ئىلتىماسىڭنىڭمۇ باھاسى يۇقىرى!» شۇنداق دەپ ئۇ سىپاھدارنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭغا تون كىيدۈردى، ئىززەتلەپ، سوۋغىلارنى بەردى.

گۈزەل يۈزنىڭ پەزىلەتلىرىنى بىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ھېكايىساڭا ئەسلىتىپ ئۆتۈلدى.

**ھېكايەت:** ئېيتىلىشىچە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي سەيلىگە باردى ۋە دالادىن شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى ئەمىرلىكتە ۋە ئاتىسى ھايات ئىدى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى كىيىملىرى كىر، ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىغا كۆزى چۈشتى. بالا ناھايىتى چىرايلىق ھەم قامىتى كېلىشكەن بەركامال ئۆسمۈر ئىدى. ئۇ ئاتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ، دېدى: «بۇ يىگىتنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ بېرىڭلار.» ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەھمۇد بالىدىن سورىدى: «يىگىت، سەن كىمسەن، ئاتاڭ كىم؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «ئاتام يوق، ئەمما ئانام پالان جايدا ياشايدۇ.» سۇلتان مەھمۇد سورىدى: «نېمىلەرنى ئۆگىنىۋاتىسەن؟» يىگىت جاۋاب بەردى: «قۇرئان»نى يادلىماقتىمەن.» سۇلتان، بۇ بالا سارايدا ياشىسۇن، دەپ بۇيرۇدى. سۇلتان سارايغا كەلگەندىن كېيىن، بالىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن ئىشلارنى سورىدى ۋە بەزى ئىشلارغا بۇيرۇدى. ئۇ بالا ناھايىتى چاققان ۋە پاراسەتلىك بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭغا ئامەت يار بولدى. سۇلتان ئۇنىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە: «پەرزەنتىڭنى ئوغۇل قىلىۋالدىم، مەن ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىمەن. ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە» دېدى. ئاندىن ئانىغا سوۋغىلارنى بېرىشنى، بالىغا يىپەك كىيىملەرنى كىيدۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭ خەتساۋاتىنى چىقىرىش، بىلىم ئۆگىتىش، قورال - ياراغ ئىشلىتىش ۋە چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇستازلارنى تەيىنلەشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن بالىغا دېدى: «ھەر كۈنى قوبۇلنى باشلاشتىن بۇرۇن مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كېلىسەن.»

شۇنىڭدىن كېيىن بالا ھەر كۈنى سەھەردە سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلەتتى ۋە سۇلتان ئۆز خانىسىدىن چىققاندا ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەتتى، سۇلتاننىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ چېھرىدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ خەيرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىدى. ئۇ ناھايىتى خەيرلىك بولۇپ چىقتى. ھەقىقەتەن سۇلتان خانىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ چېھرىنى كۆرەتتى ۋە ئاشۇ كۈنى ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشەتتى. يىگىتنىڭ لىباسلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ قويغاندى، ئۇنىڭ ھۆسنى يەنە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتتى. سۇلتان كۈنسايىن ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ باردى ۋە ئۇنىڭدا كىبىر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. سۇلتان ئۇنىڭغا بايلىقلارنى ھەدىيە قىلاتتى، رەھىمدىللىك قىلاتتى، بارغانسېرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنچ بىلدۈرەتتى ۋە ئەركىلىتەتتى. بۇ يىگىتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى ئېشىپ باردى. سۇلتان ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، ئۇنى بىرەر سائەت كۆرمىسە، چىدىيالمايتتى. بالا ئون سەككىز ياشقا تولدى ۋە ئۇنىڭ ھۆسنى ئون ھەسسە ئاشتى. سۇلتان بۇ بالىنىڭ ھۆسنىدىن بەھرىمەن بولغىنى ئۈچۈن كۆپلىگەن كاتتا غەلىبىلەرنى قازاندى ۋە كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ھىندىستاننىڭ بىرنەچچە ۋىلايەتلىرىنى ۋە خۇراساننىڭ بىرنەچچە شەھەرلىرىنى ئىستېلا قىلدى ۋە سۇلتان بولدى. بىر كۈنى شۇ بالا قانداقتۇر سەۋەب بىلەن سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كېچىكىپ كەلدى. سۇلتان بولسا ئۇنىڭسىز زېرىكتى ۋە ئۇ كەلگەندە جەھلى قېتىپ، غەزەپ بىلەن

دېدى: «بۇ قانداق گەپ؟ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى بىلەمسەن؟ سېنى قەيەردىن تېپىۋالغانلىقىمنى، قايسى دەرىجىگە كۆتۈرگىنىمنى، مەرتىۋەڭ ۋە بايلىقىڭنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەمسەن؟ ھوزۇرۇمدا بولۇشقا بىرەر سائەت بولسىمۇ ۋاقتىڭنى ئاجراتماسلىققا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟» سۇلتان جىم بولغاندىن كېيىن، ئۇ بالا مۇنداق دېدى: «ئەمدى مەرھەمەتلىك سۇلتان گېپىمگە قۇلاق سالغاي. سۇلتاننىڭ بارچە سۆزلىرى توغرا. ئۇ مېنى توپىراقتىن ئېلىپ، ئاسمانغا يۈكسەلدۈردى. بىر پېقىر ئىدىم، ھازىر غوجامنىڭ ئىنايىتى بىلەن مەندە كۆپلەپ يەر ـ سۇ، چارۋا، قۇللار ۋە ئەركىن خىزمەتكارلاردىن تاشقىرى، بەش يۈز مىڭدىن كۆپرەك دىنار بار، پادىشاھ ماڭا شۇنداق ئۇلۇغۋارلىق ۋە مۆھتەرەملىكنى ھەدىيە قىلدىكى، ئەمدى ھېچكىمنىڭ مەرتىۋىسى مېنىڭكىچىلىك ئەمەس. ئەمما، شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ماڭا بىلدۈرۈلگەن ھاتەم كەبى سېخىيلىقلار، ماڭا ھەدىيە قىلىنغان بايلىقلار، ماڭا بەرگەن مەرتىۋە ئەسلا تەنە بولماسلىقى كېرەك. بۇ سۇلتاننىڭ يۈرىكىگە تەنە بولۇشى زۆرۈر، چۈنكى ئۇ ئىككى سەۋەب بىلەن ماڭا روھىي جەھەتتىن باغلىق: بىرىنچىدىن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھۆسنۈمدىن بەھرىمەن بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق ئالامىتى؛ ئىككىنچىدىن، مەن شاھ قەلبىنىڭ تاماشاگاھى، گۈلشەنى ۋە بېغىدۇرمەن. ئەگەر پادىشاھ ئۆزىنىڭ تاماشاگاھىنى بېزىسە، مەن ئۇنىڭغا ئۆز شۈكرانەم ۋە دۇئالىرىمنى بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەسلا تەنە قىلماسلىقى كېرەك.»

يىگىتنىڭ جاۋابلىرى پادىشاھقا ناھايىتى يېقىپ كەتتى ۋە ئۇنى ئىززەتلەپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام كۆرسەتتى.

دانىشمەن ۋە ھەقگۈي ئىنسانلار گۈزەل چېھىر توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەرنى قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىنئامنىڭ ۋە ئىزىد تائالانىڭ سوۋغىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممە بۈيۈك ئادەملەر گۈزەل يۈزنى قانچىلىك قەدىرلىگەنلىكىنى سېنى بىلسۇن دەپ ئەسلىتىپ ئۆتتۇق.

بۇ، كىتاب يازغۇچى ئۈچۈنمۇ، ئوقۇغۇچى ئۈچۈنمۇ خەيرلىك بولسۇن دەپ ياخشىلىق ئالامىتى — گۈزەل يۈز بىلەن نىھايىسىگە يەتتى.

ئاللانىڭ ياردىمى ۋە ئۇنىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن تۈگىتىلدى. خۇداۋەندە، ئىزگۈلۈك، بەخت ۋە سالامەتلىك بىلەن ئۆزۈڭ ئاخىرىغا يەتكۈز!

نەشرگە تەييارلىغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

ئىبراھىم ھەققۇل

# تەسەۋۋۇپ ۋە بابۇر شېئىرىيىتى

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىلمىدە مەخسۇس تەتقىق قىلىنمىغان. تەسەۋۋۇپ بابۇرنى كۆچلۈك قىزىقتۇرغانمۇ، يوق؟ بابۇر دىققىتىنى تەسەۋۋۇپقا قاراتقان سەۋەبلەر بارمۇ؟ بار بولسا، ئۇلار قايسىلار؟ بابۇر تەسەۋۋۇپتىكى قايسى يۆنىلىشلەرگە ئېتىقاد باغلىغان؟ شائىر شېئىرىيىتىدە تەسەۋۋۇپقا دائىر قانداق غايە ۋە ئوبرازلار ئەكس ئەتكۈزۈلگەن، ئۇلارنى مەلۇم بىر غايىۋى ـ بەدىئىي مەنزىرىگە ئىگە دېيىش مۇمكىنمۇ؟

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار سوئاللارغا ئېنىق جاۋابلار قايتۇرۇلۇشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە. ئۇ ياكى بۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىلاھىي ـ پەلسەپىۋى مەنىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاشۇ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپقا بولغان ئىچكى يېقىنلىقىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئاندىن كېيىن ف. رويزىنتال تەۋسىيە بەرگىنىدەك، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، دۇنيا قارىشى، ئىجادىي مۇھىتى، قانداق ئەدەبىي ئەنئەنىلەرگە ئىزداشلىقىدەك بىر قاتار جەھەتلەرنى ھېسابقا ئېلىپ شېئىرىي مەتىننى تەھلىل قىلىش لازىم بولىدۇ. «بابۇرنامە»نىڭ نامەلۇم كاتىبى بابۇرنىڭ پارسچە پۈتۈلگەن مۇنۇ رۇبائىيسىنى كەلتۈرىدۇ:

دەرۋىشانىرا ئەگەر نە ئەز خېشانىم،
لېك ئەز دىلۇ جان مۇئتەقىدى ئىشانىم،
دۇرۇست مەگۇ شاھى ئەز دەرۋىشى،
شاھىم، ۋەلې بەندەئى دەرۋىشانىم.

مەزمۇنى: دەرۋىشلەر گەرچە بىزلەرگە قېرىنداش بولمىسىمۇ، لېكىن بىز ئۇلارغا جانۇ دىل بىلەن ئېتىقاد قىلغانمىز. شاھلىقنى دەرۋىشلىكتىن يىراق دېمە، بىز شاھ بولساقمۇ دەرۋىشلەرنىڭ بەندىسىمىز.

بەزى تەتقىقاتلار مەزكۇر رۇبائىينى «تەقۋادارلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى» ۋە «باشقىلارغا يامانلىق تىلەش خاھىشلىرى» ئىپادىلەنگەن شېئىر سۈپىتىدە باھالىماقچى بولغان. ھالبۇكى، بۇ جايدا تەقۋادارلىق ھەققىدە سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ شېئىردا بابۇر تەسەۋۋۇپتىكى دەرۋىشلىك مەزھىپىگە بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدا دەرۋىشلىكنى ئۇلۇغلىغۇچى سەئدىي غايىلىرىگە بولغان مايىللىق بار. بۇنىڭدا ئەلشىر نەۋايىنىڭ «شاھ ئەگەر دەرۋىشۋەش ئېسە، شاھدۇر، شاھۇ دەرۋىش ئىشىدىن ئاگاھدۇر» دېگەن پىكىرلىرىنىڭ ئەكس ساداسىنى ئىشىتىش مۇمكىن.

ئەرزىمەس غەم يېمەككە بۇ دۇنيا،

بەل ئاتىن ھەم دېمەككە بۇ دۇنيا.

تەمە؛ ئۈزگىل بۇ ئەسكى دۇنيادىن،
خاتىرىڭدىن چىقار بۇ دۇن يادىن.

دەۋلەت ئۇچۇن ئۆزۈڭنى زار ئەتمە،
ئىززەت ئۇچۇن ئۆزۈڭنى خار ئەتمە.

ئەلىشىر نەۋايى نەقشىبەندىيەچىلىك پەلسەپىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن غەزەللىرىدىن بىرىدە «شاھ يۈرۈپ ئالەم ئاچار، دەرۋىش ئالەمدىن كېچەر» دەيدۇ. يۇقىرىقىدەك مىسرالاردىمۇ «ئالەم ئاچماققا» ئىشتىياقمەنىد شاھقا ئەمەس، بەلكى دۇنيايى دۇندىن چېكىنىۋاتقان دەرۋىشنىڭ خاراكتېرى بابۇر بىلەن يۈزمۇ يۈز كەلگەندەك ھېس قىلىمىز. بۇنداق ئاھاڭلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى تاجۇ تەخت كۈرەشلىرىدە بابۇرنىڭ «مەغلۇبىيەت ئۆكۈنچلىرىنى تارتقان»لىقى ياكى ھاياتىدىكى ئامەتسىزلىك ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دەخلىدار بىلمەسلىك كېرەك، ئەلۋەتتە. بابۇر شاھ ئەمەس، «ئاددىي شەخس»، يەنى شائىر بولغاندىمۇ «ئەرزىمەس غەم يېمەككە بۇ دۇنيا...» دېگەندەك پەلسەپىۋى ھۆكۈملەرنى شېئىردا ئەكس ئەتكۈزىدۇ. نېمىشقىدۇر، بۇ «ئەسكى دۇنيادىن» تەمە ئۈزۈپ، خاتىرىنى يېڭىلىيالمىغان شائىر ھېچقاچان شېئىرىيەت ئالىمىگە ئۆزىنىڭ مەنىۋى ـ روھىي يېڭىلىقلىرىنى ئېلىپ كىرەلمەيدۇ. بابۇرنى تەسەۋۋۇپقا يېقىنلاشتۇرىدىغان باش ئېچكى ئېھتىياجمۇ شۇدۇر.

«بابۇرنامە»دىكى بىرقاتار مەلۇماتلار بابۇرنىڭ شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت شەرتلىرىنىلا ئەمەس، روشەن ھالدا تەسەۋۋۇپ ماھىيىتىنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىگە زور ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ. بابۇر مۇنداق يازدۇ: «... كەمالىددىن ھۈسەيىن گازۇرگانىي ئىدى، ئەگەر سۇفىي ئەمەس ئىدى، مۇتەسەۋۋۇپ ئىدى. ئەلىشىر بەگ قېشىدا مۇنداق مۇتەسەۋۋۇپلار يىغىلىپ، ۋەجد ۋە ساما قىلىدىكەندۇر. ئەكسەرىدىن بۇنىڭ ئۇسۇلى ياخشىراق ئىكەندۇر. غالىبا سەبەبى رىئايەتى ئۇسۇلى بولۇپتۇر. ئۆزگە دېگۈدەك ھەيسىيەتى يوق ئىدى. بىر تەسنىپى بار: «مەجالىسۇل ـ ئۇششاق» ئاتلىق، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئېتىغا باغلاپ بىتىپتۇر، ناھايىتى سۇست ۋە ئەكسەر يالغان ۋە بىمەززە ئەدەبسىزلەرچە ھەرپلەر بىتىپتۇر. ئانداقكىم، بەزىسىدىن تەۋەھھۇمى كۇفرىدۇر. نېمىشقىدۇر خېلى ئەنبىيانى ۋە ئەۋلىيانى مەجازىي ئاشىقلىقتا مەنسۇپ قىلىپ ھەرقايسىسىغا مەشۇق ۋە مەھبۇبە پەيدا قىلىپتۇر ...»

دېمەك، بابۇر چىن سوپىنى ـــ مۇتەسەۋۋۇپ ۋە ھەرقانداق مۇتەسەۋۋۇپنى سوپى قاتارىغا قوشمىغان. ۋەجد ۋە ساما قىلىش بىلەنمۇ سوپىلىقتا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، «مەجازىي ئاشىقلىقتا مەنسۇپ» كىشىلەرنىڭ «ھەر قايسىسىغا مەشۇق ۋە مەھبۇب» يارىتىشتەك ئەخمىقانە ئىش بولمايدۇ. لېكىن، ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيانىڭ ئىشقى ـــ ھەقىقىي ئىشق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەھبۇبىمۇ ـــ ھۆسنى مۇتلەقتۇر. بابۇرنىڭ سوپى بولمىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئاڭلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا مۇتەسەۋۋۇپلۇق دەۋاسى بولغانمۇ؟ ياق، ئۇ تەرىقەتكە كىرىش ئارزۇسى بىلەن ياشىغان ۋە توۋا مەقامىدا بەزى نەتىجىلەرگە يېتىشكەن. بابۇرنىڭ دەرۋىشلىكى ـــ سىيرەت دەرۋىشلىكى.

«دۇشەنبە كۈنى جامادىيەل ـ ئەۋۋەل ئايىنىڭ يىگىرمە ئۇچىدە سەير قىلا ئاتلاندىم» دەپ يازىدۇ بابۇر «سەير ئەسناسىدا خاتىرىمگە يەتتىكىم، ھەمىشە توۋا داغدۇغىسى خاتىرىمدە بار ئىدى، بۇ نامەشرۇئ ئەمر ئېتىكاپىدىن ئەلەددەۋام كۆڭلۈمدە غۇبار ئىدى دېدىمكىم، ئەي نەفس:

چەند باشى زىمەئاسى مەزەكەش

تەۋبە ھەم بىمەزە نىست بىچەش.①

نېچە ئىسيان بىلە ئالۇدەلىغىڭ،
نېچە خىرمان ئارا ئاسۇدەلىغىڭ.

نېچە نەفسىڭغە بولۇرسەن تابىئ،
نېچە ئۆمرۇڭنى قىلۇرسەن زايىئ...

بابۇر بۇ تۇۋا ئەسناسىدا، بارچە گۇناھىدىن ئۆزىنى پاكلاش نىيىتى بىلەن شارابخورلۇقنىمۇ تاشلايدۇ: «تەۋبە قىلدىم چاغىر ئىچمەكلىكتىن»، مەي ئىدىشلىرىنى تويلاپ سۇندۇرىدۇ ۋە بۇ سۇندۇرۇلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۈزۈرىق، جام ۋە قەدەم قاتارلىقلارنى ھاجەتمەنلەر ۋە دەرۋىشلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. توغرا، ئۇزاق يىللىق بۇ تۇۋا داغدۇغىسى رانا سەنگاغا قارشى ئۇرۇش ھارپىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ ـ دە، شائىر ئۇنى ئۆلۈم ئالدىدىكى تازىلىنىش مەزمۇنىدىمۇ تەلقىن قىلىدۇ:

نىيەتى غەزۋ ئىلە كىم يۈرۈپسەن،
ئۆلمەكىڭنى ئۆزۈڭە كۆرۈپسەن.

كىمكى ئۆلمەك ئۆزىگە جەزم ئېتەر،
ئۇشبۇ ھالەتتە بىلۇرسەنكى نېتەر...

بابۇرنىڭ ئاشۇنداق پۈتۈن مەملىكەتتە مەيخورلۇقنى تەھقىقلەش ھەققىدە چىقارغان پەرمانىدا مۇنداق سۆزلەر پۈتۈلگەن: «ئىنسانلىق تەقەززاسى، پادىشاھلار رەسىم ـ رۇسۇمى، پادىشاھلىق لەۋازىمى، مەنسەپدارلار ئادەتى بويىچە شاھىدىن تارتىپ سىپاھىگىچە گۈزەل ياشلىق كۈنلىرىدە شەرىئەت مەنئى قىلغان بەئزى نەرسەلەرگە ۋە ئايرىم ئويۇن ـ كۈلكىلەرگە رۇجۇئ قىلىنىلاردى.» شۇنىڭ ئۈچۈن، بابۇرنىڭ جىددىي ھالدا تۇۋا ئىشىكلىرىنى ئېچىشىنى شەرىئەت تەلىپى ۋە مەنپەئەتلىرى چېگراسىدىكى ئىشتۇر دەپ باھالاشمۇ مۇمكىن. مۇنداق باھا بولۇشى شەرت. چۈنكى، بابۇر كامىل مۇسۇلمانلىق يولىنى تۇۋا ـ ئىستىغپار يولىدىن ئاجراتمىغان. لېكىن، ئۇ بۇنداق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا كەڭ يارىتىلغان ئاساسىي بىر مەسىلىگە دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ ـــ نەپس. ئۇ نەپسىگە تەۋە بولۇشنى ـــ ئۆمۈرنى زايە قىلىشقا تەڭ دەپ بىلىدۇ. بابۇر نەپسىنى يېڭىشنى ئىنساننىڭ ئۆز خاھىش ـ ئىرادىسىگىلا مەنسۇپ دەپ قارىمايدۇ: «...ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى بويىچە نەپس لەززەتلىرىگە مەيلدۇر، زەۋق كەلتۈرگۈچى يېقىملىق نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش خۇدانىڭ تەۋپىق بېرىشىگە ۋە ساماۋىي ياردەمگە باغلىق.» ئۇنىڭچە، «نەپسكە قارشى ئۇرۇش» ـــ «زور ئۇرۇش». شائىر پارسچە رۇبائىيسىدا مۇنداق يازىدۇ:

دەر ھەۋائى نەفسى گۇمراھ ئۆمر زايىئ كەردەئىم،
پېشى ئەھلۇللاھ ئەز ئەفئالى خۇد شەرمەندەئىم.
يەك نەزەر با مۇخلىسانى خەستەدىل فەرما، كى ما،
خاجەگىرا ماندەئىمۇ ھاجەگىرا بەندەئىم.

---

① مەزمۇنى: قاچانغىچە گۇناھ ئىشلاردىن زوق ئالىسەن، تۇۋىمۇ بىمەززە ئەمەس، ئۇنىڭدىن تېتىپ باق.

مەزمۇنى: گۇمراھ نەپس ھەۋەسى بىلەن ئۇمۇرنى زايە قىلدۇق. دىن ئەھلى ئالدىدا ئۆز پېشانىمىزدىن شەرمەندىمىز. بىر بار خەستە دىل مۇخلىسلارغا ئەمر ئەتكى، بىز خاجىلىقنى تاشلىدۇقۇ ھاجەتمەن بولدۇق.

بابۇر نەپس ئىلكىدە خار بولماقنى — پاسقلىق ۋە ناچارلىق تەلۋىلىكى، ھاۋايۇ ھەۋەس رەزىللىكى، دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇ «خاتىرىمنى ساخلار ئىسەڭ، كەل قويغىل» سەترى بىلەن باشلىنىدىغان مەسنەۋىسىدە «ئەي دىل» دەپ تىلغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ تىل — قەلب تىلى، مەرىپەت تىلى. شۇنىڭ ئۇچۇن، شائىرنىڭ شەرھىھالىنى دىل ئەھلى، يەنى ھەقىقەت ئەھلىگە يەتكۈزمەكچى كېرەك:

ئەھلى دىل ئالىدا سۆز ئەت بىلە يەت،
ساڭا ھەرنېكى دېسەم سەن ئەرز ئەت.

مۇشكىلىم ئالىدا تەقرىر ئەتكىل،
ھالەتىم شەرھىنى بىر - بىر ئەتكىل.

ئەسلىي مەقسەت نېمە؟ ھالىتىدىكى مۇشكۈللۈكلەرچۇ؟ شائىر بۇ مەسنەۋىدە ئېتىقاد ۋە ئۈمىد تايانچى توغرىسىدا سۆزلەپ، «رەۋىشۇ تەۋرۇ سۇلۇك» (يوسۇن، ئادەت، مەسلەك) يولىدىن مۇنازىرە قىلىدۇ.

دېگەسەن مۇئتەقىدۇ مەئمۇلۇم،
رەۋىشۇ تەۋرۇ سۇلۇكۇ يولۇم.

سۇلۇك سۆزى ئىككى مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. بىرىنچىسى — ياخشى يولغا كىرىش، رەۋىش تۇ - تۇش؛ ئىككىنچىسى — خۇداغا يېقىنلىشىش يولى، دەرۋىشلىك ھايات. بابۇر «رەۋىشۇ تەۋرۇ سۇلۇك»تە ھەققە يۈزلىنىش يولىنى نەزەردە تۇتقان. كېيىنكى بېيىتنى ئوقۇيمىز:

باردۇر ئەنداقكى ئەيان ئەيلەپمەن،
مەن «مۇبەييىن»دە بەيان ئەيلەپمەن.

«بابۇرنامە» كاتىپى مۇنداق يازىدۇ: «... مەسنەۋى كىتابى ھەم باركىم، ئاتى «مۇبەيىن»دۇر. تىل بىلۇر دانا خەلق ئاراسىدا ئانىڭدەك لەتايىف يوقتۇر. ۋە خاجە ئەھرار ئايتغان رىسالەكىم، ئانىڭ ئاتى «ۋالىدىيە»دۇر، ئۇشال پادشاھ (يەنى بابۇر — ئى . ھ) نەزم قىلىپتۇر.»

«ۋالىدىيە»نىڭ تەسەۋۋۇپ ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغانلىقى ئىلمىدە قەيت قىلىنغان. «مۇبەيىن» بولسا زاكات توغرىسىدا مەلۇماتلار بەرگۈچى ئەسەر بولۇپ، ئۇ بابۇرشۇناس ئالىممىز س. ئەزىمجانوۋا تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. «مۇبەيىن»دە ئاساسەن باج - سېلىقلار ھەققىدە سۆز يۈرۈتۈلسا، ئۇنىڭدا بابۇرنىڭ شەرئەت، شۇنىڭدەك تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە ئائىت قاراشلىرىمۇ ئىپادىسىنى تاپقان، خۇددى تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى باش قەھرىمان — غېرىب خاراكتېرى ۋە ئەھۋالىغا دائىر شەرھلىرى مۇھىم بولغىنىغا ئوخشاش:

بىل، غەرىب، ئۇلدۇركى غۇربەتتە
كۆن كەچۇرگەي ئەزابۇ شىددەتتە.

ۋەتەنىدە نېچەكى بولسا غەنى،

مۇستەھكەم ئەقىل زەكات بىلگىل ئانى.

گەپ شۇنىڭدىكى، «مۇبەييىن»دە بايان قىلىنغان «رەۋىشۇ تەۋرۇ سۇلۇك»كە ئالاقىدار پىكىرنى شائىر «دەردى دىل چارەسى» ئۈچۈن كۆپايە دەپ ھېسابلىمايدۇ:

بىر ئانىڭ بىرلە ئىش ئاچىلماس ئىمىش،
دەردى دىل چارەسى قىلىنماس ئىمىش.

نېتەيىن، نې قىلايىن دەردىم ئۈچۈن،
چارە كىمدىن تىلەيىن دەردىم ئۈچۈن؟

ئەنە شۇنداق ئۇ پىر مەدىتىگە ئېھتىياج ھېس قىلىدۇ. پىر يولباشچىلارنىڭ يولىغا كىرسە، چارىسىز دەردىگە چارە تېپىلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ:

چارەسىز دەردىمغە مەگەر پىر ئەتكەي،
چارەسىز ئىشىم تەدبىر ئەتكەي.

ئەمما، پىر ئېتىكىنى تۇتۇپ، ھەق يوللىرىغا چىقماق ۋە ئىلگىرىلىمەك ئۈچۈنمۇ قابىلىيەت كېرەك. فەقىرۇ فانالىق ئىستېداتى زۆرۈر. لېكىن، بابۇر قابىلىيەت ۋە ئىستېداتىغا قانداقتۇر ئىشەنچسىزلىك بىلدۈرىدۇ.

نەيلەيىن مۇرشىدۇ نېتەي ئىرشاد،
قابىلىيەت قانىيۇ ئىستېداد.

بىراق، شائىر ئۆزىنى باشقا بىر ئىشتا ئىستېداتلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ — «غەيب ئىلھامچىسى»دىن روھلىنىش ۋە ئىلاھىي پەيزلەرگە ۋاسىل بولماققا قابىللىقتۇر:

مۇستەئىد بولۇ قىل ئۆزنى قابىل،
فەيزلەر تا ساڭا بولغاي ۋاسىل.

كاتتا پەيز ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى نېمە؟ بىرىنچى نۆۋەتتە، تەڭرى مەرىپىتىنى ھېس قىلىشتۇر. ئاندىن ئېتىقادنى راست تۇتۇش. ئەسلىڭ نېمە، ئاخىرىڭ نېمە بولىدۇ — بۇلارنى بىلىش:

راست قىلغايسەن ئېئتىقادىڭنى،
بىلگەسەن مەبدەئۇ مەئادىڭنى.

خۇددى شۇ مەنىلەردە شائىر ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق ۋە ھەرىكەتلىرى، تەلەپ ۋە تەجرىبىلىرىدە كۆپ نا- قىسلىق كۆرىدۇ. ھەتتا تەڭرى ئالدىدىكى گۇناھلىرىنى «بىلمەككە بىلىك» يەتمىگەنلىكىنى تەن ئېلىپ، غەپلەت بىلەن كەچكەن ئۆمۈر سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ، ئۆزىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ:

شەھۋەتتۇ نەفس گىرىفتارىسەن،
داد بىلە دىۋ نامۇدارىسەن.

شەھۋەتتۇ نەفس قەۋىي دۇشمەندۇر،
مىلىڭ سېنىڭدەكىنى زەبۇن قىلغاندۇر.

ئەمدى شائىر شاھ بابۇرنىڭ غەزەللىرىنى ئايىماستىن پاش قىلىشقا ئۆتىدۇ:

تۇند رەخشىڭنى مىنىپ ئىلدۇرۇبان،
ئەلگە ئۆزنى تانىتىپ، بىلدۇرۇبان.

ھۆكمۈڭ ئۇلماق بارى ئەلگە جارى،
سۆزۈڭ ئۇلماق — بارى پەردە كارى.

تابىئىڭ مۈلكى خۇراسان بولماق،
ھىندۇ چىن ئالماغىڭ ئاسان بولماق.

قۇللۇقۇ خىزمەتىڭ ئەتمەك يىلۇ ئاي،
نەسلى جۇجىيۇ ئۇرۇغى چاغاتاي.

بارچە ئىشگە بولۇبان دەسترەسىڭ،
كېلىپ ئېلكىڭگە نېكىم بار ھەۋەسىڭ.

نەپسىنىڭ «تۇند» ئېتىغا مىنگەن كىشى باركى، ئىمكانىيەتىنىڭ بارچە ئۆزىنى ئەلگە تونۇتۇپ ئابرۇي قازىنىشنى ئىستەيدۇ. ھۆكۈمدار بولسا ئەل ۋە يۇرتتا گېپى گەپ، سۆزى سۆزگە ئايلىنىپ قېلىشنى، يىل - ئاي ئادەملەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالايدۇ. ئىشق ۋە ئىززگۈلۈك، ھەقپەرەسلىك ۋە خاكسارلىقتىن بۆلەك «ھەممىسى يوقلۇق، ھەممىسى ھېچنەرسە ئەمەسقۇ، ئاخىر! نېمىشقا شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئادەم ئۆزىنى غەپلەتكە ئۇرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن نەپس دۇشمىنىنى مەغلۇپ قىلماق شۇ قەدەر قىيىن؟ نېمىشقا ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى كۆرۈش خاھىشى ئىنسان قېنىدا شۇ قەدەر كۈچلۈك؟ ئۇ قىلغۇلۇقنى قىلىپ، كېيىن نېمە ئۈچۈن غەم - غۇسسە، ئۈمىدسىزلىك ۋە خارلىق پاتقىقىغا پېتىپ ياشايدۇ؟ نېمىشقا؟ چۈنكى، ئۇ تەڭرى ئىرادىسىدىن ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىرادىسىنى ئارتۇق قەدىرلەيدۇ. بابۇر مەسنەۋىدە ئەنە شۇ نادانلىق ۋە قارىغۇلۇقنى قارىلاپ، شېئىرخانىنىمۇ ھەق مەدىتى بىلەن شۇم نەپسىتىن غالىب چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ:

تەڭرى تەۋفىقى مەگەر يار ئۇلغاي،
تا كىشى ھەققە تەلەبكار ئۇلغاي.

تەڭرى تەۋفىقۇ دەيۇ تىك تۇرايىن،
نە قىلاي، چارەنى كىمدىن سورايىن؟

تۈت قۇلاقكىم، بۇدۇرۇر تەھقىقى،
تەڭرىنىڭ بولماغۇچە تەۋفىقى.

مۇمكىن ئەرمەس بۇلا ئالماق ھېچ ئىش،
نېگە كېرەك ساڭا مۇنچە پىيچىش!

كىردىگارا، ماڭا تەۋفىقى بەر،
يۈرۈمەككە راھى تەھقىقى بەر...

گۇشۇ ھوشۇمنى سۆزۈڭ سارى قىل،
جانۇ كۆڭلۈمنى ئۆزۈڭ سارى قىل.

غەملەرىڭ بىرلە ئاۋۇت كۆڭلۈمنى
مەئرىفەت بىرلە يارۇت كۆڭلۈمنى...

«گۇشۇ ھوشۇمنى سۆزۈڭ سارى قىل، جانۇ كۆڭلۈمنى ئۆزۈڭ سارى قىل» — بۇ ئىلتىجالار ھۇسنى مۇتلەققە قارىتىلغان. شائىرنىڭ «ئەي، سەبا، يەلمەكنى قويغىل، ھەزم قىل» مىسرالىق شېئىرىي مەكتۇپىدىكى مەجازىي تەسۋىرلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئىلاھىي ماھىيەت يوشۇرۇنغاندۇر. بۇنى قانداق ئىلغاش مۇمكىن؟

ئايتقىل ئول ھۇسن مۇلكى خانىغا،
دېمەيىن خان، بەلكى جانلار جانىغا.

كۆرمەيىن يۈزۈڭنى بىمار ئولمىشەم،
غايىبانە ئاشىقى زار بولمىشەم.

ئاخىرقى مىسرا — غايىب سىرلاردىن ئاگاھلىققا ئىشارەت. شۇنىڭدەك، «جانلار جانى» ئىبارىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئاشىق:

ياخشى پەيغامىڭنى يەتكۈردى رەسۇل،
لۇتفۇ ئىكرامىڭنى يەتكۈردى رەسۇل.

دېگەن مىسرالىرىدا يارغا يەتكۈز دەپ ساباغا بۇيرۇيدۇ. يارنىڭ «ياخشى پەيغامىنى» ۋە «لۇتفۇ ئىكرامىنى» يەتكۈزگەن رەسۇل كىم؟ ئاللانىڭ رەسۇلى، يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەردۇر. رەسۇلنى ئاددىي ئەلچى مەنىسىدە ئاڭلاش قاتماللىق بولاتتى. مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپتا ئۆزىنى بىلمەكلىك ئۇچۇن ئۆزلۈكتىن كەچمەك كېرەك. تۆۋەندىكى بېيىتلاردا فەنالىقتىكى يېڭى ئۆزلۈك، يەنى ئۆلگەندىمۇ تىرىلمەكلىك نەزەردە تۇتۇلغان:

گەر سېنىڭ ۋەسلىڭ ئۇمىدى بولماسا،
ۋەسلىڭغە يەتمەك نەۋىدى بولماسا.

ئۆزگە بولماس، ئۆزنى بىلمەكلىك ماڭا،
بەلكى مۇشكىلدۇر تىرىلمەكلىك ماڭا.

«بابۇرنى مىستىتىك مەقسەت ۋە مەۋھۇم دۇنياغا ئىنتىلىش قىزىقتۇرمىغان. ئۇ ھەر ۋاقىت رېئال بارلىق ھەققىدە ئويلىغان» — دېگەن قەتئىي پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مىستىتىك مەقسەتلەرگە قىزىقمىغان ئىجادكارنىڭ ياخشى شائىر بولمىقى قىيىن. ھەممە ئۇلۇغ شائىرلاردا مىستىتىك كىچىنمىلەر بولىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ تەبىئىتى ۋە تەلىپىدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «ھەر ۋاقىت رېئال بارلىق ھەققىدە ئويلىغان» شائىر ئۆزىنى ئۆزى سىر ۋە سېھىر ئالىمىدىن مەھرۇم قىلىدۇ؛ بۇنداق شائىرنىڭ خىيالى ساماۋى كەڭلىكلەردىن ئايرىلىدۇ. چىن شائىرنىڭ روھى «مەۋھۇمىي دۇنيا»دىن رېئاللىق ئاختۇرۇش بىلەن ئىبرەتلىكتۇر؛ ئۈچىنچىدىن، رېئال بارلىق تا ھازىرغىچە بىرەر بۈيۈك سەنئەتكارنى غايىب ئالەمگە بولغان ساياھەتتىن توختىتالمىغان. بابۇر غەزەللىرىدىن بىرىدە:

ئۆلكى، يىللار، ئايلار ئۆتكۈرەي غەمۇ ماتەم بىلە،
شادۇ خۇررەم بولماغاي نەۋرۇز ئىلە، بەيرەم ئىلە.

دەيدۇ. ئاي ۋە يىللارنى «غەمۇ ماتەم» بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ كۆڭۈل تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ! ئۇ ئالەم ئەھلىدىنلا ئەمەس، مەۋجۇت ئالەمدىنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، يەنى دۇنيانى تەرك ئېتىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى مىستىتىك ھاياتنىڭ يۈكسىلىشىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا بابۇر:

دېمە، ئەي ھەمدەم، ديارۇ يار سۆزىنكىم، مېنىڭ
ئۇلفەتىم ئالەم ئەھلى بىرلە، بەل ئالەم بىلە.

دەپ يازمىغان بولاتتى.

بابۇر 1502 — 1503 - يىل ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «... بۇ مۇددەتكىم، تاشكەنتتە ئىدىم، خېلى قەللاشلىق ۋە خارلىق تارتىلدى؛ ۋىلايەت يوق، ۋىلايەت ئۇمىدۋارلىقى يوق، نەۋكەر - ئەسكەر تارقىدى...» مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ۋە خارلىقلار ئۇنى ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ كەتمەككە ئۈندەيدۇ. ئۇ ئاياغ يەتكەن يەرگىچە كېتىشنىڭ، ئۆزىنى ئۇلۇس نەزىرىدە خار ئەتمەسلىكنىڭ، ھەتتا «ئەزىز ئەلگە»مۇ كۆرۈنمەسلىكنىڭ ۋاقتى يەتكەن بولسا كېرەك ۋە بۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى ئەمەسمۇ؟ دەپ مۇلاھىزە قىلىدۇ:

كەلدى ئول ۋەقتكى باشىمنى ئالىپ كەتكەيمەن،
ئالەم ئىچرە ئاياغىم يەتكۈنچە ئېلىكەيمەن.

ئىستەرەم ئۆزنى ئەزىز ئەلگە كۆرۈنمەسلىكتىن،
نېچە ئۆزۈمنى ئۇلۇس كۆزىدە خار ئەتكەيمەن؟

خەلق يۈز جەۋر ئىلە ئىشلار بۇيۇرۇر، كاش ئەلنىڭ
نې يۈزىن كۆرگەمەنۇ نې سۆزىن ئىشىتكەيمەن...

دېمە بابۇرغا نېتەرسەن باش ئالىپ كەتمەكلىكنى،

تەڭرىنىڭ خاستى مۇنداق ئىمە مەن نېتكەيمەن؟

بىز يۇقىرىدا شائىرنىڭ ئۆلۈمگە تەييار تۇرغانلىقى مەنىسىدىكى مىسرالىرىنى كەلتۈرگەندۇق. مۇنداق ھالەتنى بابۇر بۇرۇنمۇ كەچۈرگەن. ئىلگىرىمۇ ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىقىنى ئويلىغان: «ئالەمدە جان ۋەھمىدىن يامانراق نېمە بولماس ئىمىش... ئۆزۈمدە بىتاقەتلىكنى فەھم قىلدىم. قوپتۇم، باغ گۇشەسىغە باردىم. ئۆزۈم بىلەن ئەندىشە قىلدىم. دېدىمكىم، كىشى ئەگەر يۈز، ئەگەر مىڭ ياشىسا ئاخىر ئۆلمەك كېرەك.

ئەگەر سەد سال مانى ۋەر يەك رۆز،
بىبايەد رەفت ئەزىن كاھى دىلئەفرۆز.»

مەزمۇنى: ئەگەر يۈز يىل ۋە ئەگەر بىرلا كۈن ياشىساڭمۇ، كۆڭۈل ئاچقۇچى بۇ قەسىردىن كېتىش كېرەك بولۇر.

«ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە قارار بەردىم. شۇ باغدا بىر سۇ ئېقىپ تۇراتتى، ۋۇزۇ قىلدىم، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم، بېشىمنى مۇناجاتقا قويۇپ تىلەك تىلىدىمكى، كۆزۈم ئۇيقۇغا باردى. كۆردۈمكى، خاجە يەئقۇب خاجە يەھيانىڭ ئۇلۇغ ھەزرەتى ئۇبەيدۇللانىڭ نەۋرىلىرى ئۇدۇلۇمدىن ئەبلەق ئات مىنىپ كۆپ جامائەتى ئەبلەق سەۋار بىلەن كەلدى. دېدىلەركى، بىز ئۇلارغا كۆمەك تۇگۇپ پادىشاھلىق مەسنەدىغە ئولتۇرغۇزغانمىز. ھەر يەردە مۇشكۈل ئىش يولۇقسا، بىزنى نەزەرگە ئېلىپ ياد ئەتسۇن، بىز شۇئان ھازىر بولىمىز. ھالا ئۇشبۇ سائەت فەتھ ۋە نۇسرەت سىزگە تەۋەدۇر. باش كۆتۈرۈڭ، ئويغانىڭ، ئاشۇ ھالدا خۇشال بولۇپ ئويغاندىم...»

مۇنداق دەللىلەر شائىر بابۇرنىڭ روھىي تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. بابۇرنىڭ «باغ گۇشەسىغە» (باغنىڭ بۇلۇڭىغا) بېرىپ ئۆزى بىلەن «ئەندىشە» (پىكىر) قىلىشى، ھازىرقى ئىلمىي تىلدا ئېيتقاندا، پسىخىك ئانالىزدۇر، ئۇ پسىخىك ئەھۋالىنى ھېچ شۈبھىسىزكى، تەپتىش قىلغان. بۇ «تەھلىل» جەريانى ئاسان كەچمىگەن، ئەلۋەتتە. مەھزۇنلۇق بولغان. قورقۇنچلۇق تۇيغۇلار باش كۆتۈرگەن. نېمىلەردۇر جۇرئەتكە ئەرك بەرمىگەن، ۋاھاكازالار . ئاخىر، «جان ۋەھمىدىن يامانراق نېمە بولماس» دېگەن كىشى، ئارقىدىنلا «ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە قەرار بەردىم» دېمەيدۇغۇ!

باشنى «مۇناجاتقا قويۇپ» تىلەك تىلەش ھالىتىنى بىز تەخمىنەن تەسەۋۋۇر قىلىمىز. لېكىن، شائىر روھىنىڭ خۇداغا، خۇدانىڭ شائىر كۆڭلىگە نەقەدەر يېقىنلاشقانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمىز. شۇنىڭدەك، بابۇر خاجە يەھيانىڭ ئوغلى چۈشۈمگە كىرىپ خاجە ئەھرارنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا يەتكۈزىدۇ دەپ ئۇيقۇغا كۆز يۇمغان ئەمەس. بابۇر رۇبائىيلىرىدىن بىرىدە ياراتقۇچىغا ئىلتىجا قىلىپ:

روھۇمنى ياراتىپ ئىدىڭ لەتافەت بىرلە،
قىلدىڭ ئاڭا تەننى ھەمراھ ئافەت بىرلە.
روھىمنى چۇ تەن ئەۋگە كەلتۈردۈڭ پاك،
مۇندىن بارى ئېلتىمە كەسافەت بىرلە.

دېگەندى. ئۇ روھىنىڭ لاتاپىتىگە ئىشىنەتتى. ئۇ روھىنىڭ ئۇلۇغ غەمخورى ئىدى. ئۇ روھىنىڭ «تەن ئۆيى»دە ئاپەتسىز، كاساپەتكە يولۇقماستىن ھۆر ھەرىكەتتە بولۇشنى خالايتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئۇيقۇسىغا ئوخشاپ قالغاندى. ھەممە ـ ھەممىسى بۇ ئىلاھىي خاتىرجەملىك قارشىسىدا ئەرزىمەس ۋە بىھۇدىلىكنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەندى:

ئۆلۈم ئۇيقۇسىغا بارىپ جەھاندىن بولدۇم ئاسۇدە،
مېنى ئىستەسەڭىز، ئەي دوستلار، كۆرگەيسىز ئۇيقۇدە.

نېكىم تەقدىر بولسا ئول بولۇر، تەھقىق بىلگەيسىز،
ئېرۇر جەنگۇ جەدەل، رەنجۇ رىيازەت بارچە بىھۇدە.

ئۆزۈڭنى شاد تۇتقىل، غەم يېمە دۇنيا ئۈچۈن زىنھار،
كى بىر دەم غەم يېمەككە ئەرزىمەس دۇنيايى فەرسۇدە.

فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا»سىدا شۇنداق نەقىل بار: مەلىك دىنار ھەسەن بەسرىيـ-دىن «بۇ دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى نېدۇر؟» دەپ سورايدۇ. ھەسەن بەسرىي «قەلب ھالاكىتى» دېگەنىكەن. ئەنە شۇ پەلسەپە، تەسەۋۋۇپىي ئېتىقاد بابۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەندۇر. ئۇ شۇنىڭ ئۇ-چۈن دۇنيانى «بىر دەم»لىك غەمگىمۇ ئەرزىتمىگەن ھەم «ۋەفاسى يوق زالىم» دۇنيادىن كۆپ شىكايەتلەر يازغانىدى.

بابۇر ئۆزىچە دۇنيادىن ئېتەك سىلكىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالغان پۇرسەتلىرىنى، «دەۋلەتۇ تەختۇ ئىززۇ جاھ»قا ئېرىشكەن ۋاقىتلارغا مۇتلەق قارىمۇ قارشى قويىدۇ:

كۈنجۇ ئۇزلەتتە رۇ قىلىپ ئەردىم،
غەمۇ مېھنەتتە خۇ قىلىپ ئەردىم.

ئەي خوش ئۇلكىم، جەمىئى ھەمدەمدىن،
دېمە ھەمدەمكى، جۇملە ئالەمدىن؛

فارىغ ئەردىم، قانائەتىم بار ئىدى،
قانىئ ئەردىم، فەراغەتىم بار ئىدى.

گوشەئى ئىختىيار قىلغان ئىدىم،
غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئايىلغان ئىدىم.

بۇلار بابۇر شېئىرلىرىدىكى ئارىفانە ئاھاڭلار. بىز شائىر شېئىرىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇپقا ئالاقىدار ئايرىم جەھەتلىرىنى بايان قىلدۇق. ئۈمىد قىلىمىزكى، بۇ مەسىلە بابۇرشۇناسلىقتا يەنە تەتقىق قىلىنىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە بۈيۈك شائىر ئىجادىيىتىنىڭ قەلبىگە يەنىمۇ چوڭقۇرراق كىرىپ بېرىشقا ئىمكانلار ئېچىلىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

كىتاب تور بېكىتى www.mukitap.com



شېرىن قۇربان، مەدەلخان بالۇن

# ئەسەدىي تۇسىي ۋە «گەرشەسپنامە»

مىلادىيەنىڭ 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان 500 يىل ئىچىدە دۇنيادا «شېئىرىيەت ئېلى»، «ئەجەم دۆلىتى» دەپ ئاتالغان پارس مەملىكىتى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىڭ شائىر ئۆتكەن. ماقالىمىزدە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئەسەدىي تۇسىي (1010 ـــ 1072) ئەنە شۇ مىڭ شائىرنىڭ بىرسى. ئۇ خۇراساننىڭ تۇس شەھىرى (كېيىن بۇ شەھەرنىڭ نامى فىردەۋسى شەھىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) دە تۇغۇلغان. ئەسەدىي تۇسىي ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي (934 ـــ 1025) نىڭ يۇرتدىشى، شۇنداقلا ئۇ يەنە شېئىرىيەت مەنزىلىدە «شائىرلار شاھى» فىردەۋسىنى بىسىپ چۈشمەكچى بولغان تەقۋادار شائىر. لېكىن، ئۇ مۇراد ـ مەقسىتىگە ۋە شېرىن ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن شائىر. ئەسەدىي تۇسىي يەنە مەشھۇر تىلشۇناس، ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن «پارس تىلى لۇغىتى» ناملىق قورال خاراكتېرلىك ئەسىرى بار.

ئەسەدىي تۇسىي مەھمۇد غەزنەۋى (997 ـــ 1030) نىڭ غەزنەۋى تۈرك سۇلالىسى (962 ـــ 1186 ـ يىللار) زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، سالجۇق تۈرك سۇلالىسى (مىلادىيە 1037 ـــ 1094ـ يىللار) خۇراسانغا كىرگەن چاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «گەرشەسپنامە» («گەرشەسپ ھېكايىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)مۇ دەل مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

شائىر ئەسەدىي تۇسىينىڭ يىرىك ئېپىك داستانى «گەرشەسپنامە» جەمئىي 145 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى 12 باب مۇقەددىمە قىسمى ھېسابلىنىپ، ئەينى دەۋر داستانچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان، بۇ قىسىمدا شائىر ئاللاتائالاغا مەدھىيە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەت ـ تەسۋىرى، شائىر ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئەقىدە ـ قاراشلىرى ۋە مەزكۇر داستاننى يېزىشتىكى نىيەت ـ ئىقبالى تەسۋىرلەنگەن.

داستاننىڭ رەسمىي قىسمىدا باش پېرسوناژ گەرشەسپنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىي دۇنياسى تەسۋىرلەنگەن، گەرشەسپ بولسا پارس شاھى جەمشىدنىڭ 6 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى، پارس ـ تاجىك خەلقلىرىنىڭ روھى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكى رۇستەم پالۋاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى (چوڭ بوۋىسىنىڭ دادىسى). شۇنداق بولغاندا، گەرشەسپ ھەققىدىكى ھېكايە ـ قىسسەلەر رۇستەم پالۋان ھېكايەتلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي «شاھنامە» ئېپوسىدا گەرشەسپنىڭ مۇبارەك نام ـ زاتىنى تىلغا ئالغانۇ، لېكىن سۈپەت تەسۋىرىنى بەرمىگەن. چۈنكى، «شاھنامە»نىڭ مەركىزىي تېمىسى رۇستەم پالۋان داستانى ئىدى. ئەسەدىي تۇسىينىڭ قارىشىچە، گەرشەسپنىڭ قەھرىمانلىق ئىش پائالىيەتلىرى رۇستەم پالۋاننىڭ ئىش ئىزلىرىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ،

تېخمۇ تەسىرلىكتۇر. پارس روھىنى رۇستەم پالۋان ئوبرازى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى گەرشەسىپ ئوبرازى ئارقىلىق يارىتىش كېرەك. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيەسىنى داستانىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق بايان قىلغان:

فىردەۋسىي دۇر تۆكۈپ يېزىپتۇ نەزمە،
پۈتۈپتۇ شاھ كىتاب، نامى «شاھنامە».

ھېچكىشى پۈتمىگەن ئۇنىڭدەك داستان،
داستاندا يازغان ئۇ سانسىز قەھرىمان.

لېكىن بار بىر قىسسە يېزىپتۇ ئازراق،
بىر قىسسە شۇ دەرەخ شېخىدىن يىراق.

بۇگۈن بۇ شاخلاردا سولىشىپ ياپراق،
مەي باغلاپ مېۋىگە كىرمەستىن يىراق.

شۇڭا، مەن سۆز باشلاپ قىلاي ھېكايەت،
يېڭىدىن كۆكلەنسۇن بۇ دەرەخ ھەيۋەت[①].

داستاندا ئەسەدىي تۇسىي گەرشەسىپ بىلەن رۇستەم پالۋاننى كۆپ سېلىشتۇرۇپ، گەرشەسىپنى رۇستەمدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، رۇستەم گەرچە قەھرىمان، پالۋان، باتۇر بولسىمۇ، لېكىن نورغۇن جەڭلەردە مەغلۇپ بولغان. ئەمما، گەرشەسىپ بولسا زادىلا يېڭىلىپ باقمىغان. ئۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ قەھرىمان ۋە پالۋان:

گەرشەسىپ ئات سالسا گەر جەڭگاھ ئارا،
چىقمايدۇ دۇنيادا ھېچ تەڭداش ئاڭا.

ئۇ بارغان ھىندى، رىم تاكى چىن تامان،
مۇنچە جەڭ كۆرمىگەن رۇستەمى پالۋان[②].

گەرشەسىپ ھەقىقەتەنمۇ پارس تارىخىدا رىۋايەت ـ ھېكايەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان بىر پالۋان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى زەردۇشت دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا زوروئاستىرزم دىنى) نىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋىستا»دىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

پارس ئەدەبىياتى تارىخىدا يازغۇچى ئەبۇ مۇئەيدى نەسرىي ئۇسلۇبتا «شاھلار تارىخى» ۋە «سىيىستان تارىخى» دەپ ئىككى كىتاب يازغان. ئۇ بۇ ئىككى كىتابتا گەرشەسىپ ھەققىدىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى

①② جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئىنلۇن نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى، 87 ـ بەت.

كۆپ يەردە تىلغا ئالغان. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەسەدىي تۇسىنىڭ گەرشەسپ ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى ئەبۇ مۇئەيدىنىڭ «شاھلار تارىخى»دىكى گەرشەسپ ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بەزىلەر ئەسەدىي تۇسىنىڭ داستان ۋەقەلىكى ئەبۇ مۇئەيدىنىڭ «شاھلار تارىخى»دىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، پەرق شۇ يەردىكى، بىرسى پىروزا، يەنە بىرسى پوئېزىيە، دەپ قارىغان.

مەزمۇن جەھەتتە، ئەسەدىي تۇسىنىڭ گەرشەسپ داستانىنىڭ قىسقىچە ئىدىيەۋى مەزمۇنى مۇنداق: پىشادىيان (پىشادىيلار) سۇلالىسى زامانىسىدىكى جەمشىد پادىشاھنىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئىكەندۇق. ئەل تىنچ – ئاسايىش، خەلق خاتىرجەم كۈن كەچۈرىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا جەمشىد شاھ مەغرۇرلىنىپ تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان، قانائەتلىنىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مەدەت بەرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەرەب شاھى زەھھاك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىرانغا لەشكەر تارتىپ، جەمشىد خانىنى ھالاك قىپتۇ. ئامالسىز قالغان جەمشىد شاھ زەبەرىستان دېگەن يەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇ يەرلىك شاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن توي قىپتۇ. مەلىكە ئوغۇل تۇغۇپ ئۇنىڭغا تور دەپ نام قويۇپتۇ. زەھھاك جەمشىدنىڭ رەسىمىنى ھەممە يەرگە چاپلاپ، ئۇنى تۇتۇشنى بۇيرۇق قىپتۇ. جەمشىد ئەنەتكەك (ھىندىستان) ۋە چىنغا قېچىپ بېرىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەمشىد كېيىنكى چاغلاردا زەھھاك ئەۋەتكەن پايلاقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، زەھھاك قېشىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. زەھھاك ئۇنى ھەرە بىلەن قاق ئوتتۇرىدىن ئىككى بۆلەك قىلىپ، قاغا – قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى تورمۇ خېلىلا بالاغەتكە يېتىپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا 6 – ئەۋلادقا كەلگەندە گەرشەسپ دۇنياغا كەپتۇ. ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئۇ 700 يىل ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن ئەقىل – پاراسەتلىك بولۇپ، 14 ياشقا كىرگەندە پالۋان بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. يىراق مۇساپىدە گەرشەسپ سان – ساناقسىز جەڭلەرگە كىرىپ، ئاجايىپ پاراسەتلىك ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. ئۇ دەسلەپتە زەھھاك شاھنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپتۇ. زەھھاك ئۇنى يىراق تاغ ئارىسىدىكى زور بوغما يىلاننى يوقىتىشقا بۇيرۇغانىكەن. گەرشەسپ بوغما يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئاجايىپ شۆھرەتكە ئېرىشىپتۇ. ئارقىسىدىن ئۇ ھازىرقى سىرىلانكا ۋە ئافغانغا بېرىپ جەڭ قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى بېسىۋاپتۇ. فەرىدۇن شاھ دەۋرىگە كەلگەندە، گەرشەسپ ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىكەن. زالىم شاھ زەھھاك يوقىتىلىدىكەن. فەرىدۇننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، گەرشەسپ تۇران، سىرىلانكا، چىنلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، كۆرمىگەن جاپا – مۇشەققەتلەرنى كۆرۈپ، بارغانلا يەردە نۇسرەت قازىنىدىكەن. گەرشەسپ پالۋان ھەققىدىكى تۈرلۈك قىسسە – ھېكايەتلەر ئېغىزدىن – ئېغىزغا، قۇلاقتىن – قۇلاققا، ماكاندىن – ماكانغا تارقىلىپ، سۈرلۈك ھېكايەتلەر كۈللىياتسىيەسىنى شەكىللەندۈرىدىكەن. گەرشەسپ ئۆلگەندىن كېيىن، فەرىدۇن شاھ ئۇنىڭ نەۋرىسى سامنى ئىران لەشكەرلىرى سەردارىغا تەيىنلەيدىكەن. سام زال پالۋاننىڭ دادىسى، زال پالۋان بولسا رۇستەم پالۋاننىڭ دادىسى. دېمەك، گەرشەسپ پالۋان بىلەن رۇستەم پالۋاننىڭ ئارىسىدا نەچچە زامان، نەچچە ماكان پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئۇرۇق، بىر نەسەپتىن چىققان تۇغقان پالۋانلاردۇر.

ئەسەدىي تۇسىي كۆپ يەرلەردە ئۆزىنىڭ داستانىدىكى باش پېرسوناژ گەرشەسپنىڭ فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدىكى باش پېرسوناژ رۇستەم پالۋاندىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە مەزكۇر داستانىنى ئىككى ۋەزىرنىڭ تەلەپ – ئارزۇسى بويىچە يازغانلىقىنىمۇ نۇرغۇن يەردە كۆرسەتكەن. بۇنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىر كۈنى ئىككى زات قىلىپ زىيابەت،

زىياپەت بەزمىسىدە تۈزۈلۈشۈپ سۆھبەت.

سۆھبەتتە قىزىدى بەزمە سورۇنى،
سۆزلەشكەچ نەزمە ھەم قىسسە ھەممىنى.

فىردەۋسىي نەزمىدىن دۇرلار تىزىپتۇ،
ئالەمدە تەڭداشسىز داستان يېزىپتۇ.

جاھاندا «شاھنامە» شەرەپ ـ شان قۇچتى،
ھەر سۆزى ئالەمدە ھەر يەرگە كۆچتى.

دېدى: سەن ئۇنىڭغا ئەسلىدىن يۇتداش،
قەلەمكەش سۇخەندان ئۇنىڭغا ئوخشاش.

قەلەمنى يۈگۈرتۈپ نەزمىگە راۋان،
پۈتسەكچۇ قىسسەدىن سەنمۇ ئۆز داستان①.

يۇقىرىدىكى شېئىردىن ئەسەدىي تۇسىينىڭ «گەرشەسپ ھېكايەتلىرى»نى نېمە ئۈچۈن يازغانلىق مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سى بىلەن بەسكە چۈشكەن. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەسەدىي تۇسىينىڭ «گەرشەسپ ھېكايەتلىرى» داستانى فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدىن كېيىن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان قەھرىمانلىق داستانى ئىكەن. لېكىن، ئۇنى فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خۇددى رۇس ئالىمى، پروفېسسور ئى. ئە.بېرتېلىسنىڭ كۆرسىتىپ ئېيتقىنىدەك، «10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردىكى پوئېزىيە قانچىلىك پارلاق بولسۇن، ئۇ گېنىئال شائىر فىردەۋسىينىڭ ‹شاھنامە› ئېپوسى ئالدىدا خىرەلىشىپ قالىدۇ.» تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىدىنمۇ «گەرشەسپ ھېكايەتلىرى»نىڭ «شاھنامە» ئېپوسىغا يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ھەجىم جەھەتتىن ئېيتقاندا، «گەرشەسپ ھېكايەتلىرى» داستانى «شاھنامە» ئېپوسىنىڭ ئوندىن بىرىگە ئاران توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، «شاھنامە» ئېپوسى 120 مىڭ مىسرالىق شېئىر قەسىدىسى، «گەرشەسپ ھېكايەتلىرى» داستانى بولسا ئاران 10 مىڭ مىسرادىن ئاشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، گەرشەسپ گەرچە ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئوبراز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «شاھنامە» ئېپوسىدىكى تەڭداشسىز ئوبراز رۇستەم پالۋانغا يەتمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، گەرشەسپ بىلەن رۇستەم ئىككى پالۋاندىن كىم ئۇلۇغ، كىم نوچى، بۇ مەسىلە مۇھىم ئەمەس. بەلكىم گەرشەسپ ئەسەدىي تۇسىينىڭ ئېيتقىنىدەك، رۇستەم پالۋاننى بېسىپ چۈشۈشى مۇمكىن. لېكىن، بىزگە كېرىكى بۇ ئەمەس②. بىزگە كېرىكى بولسا، ئەسەدىي تۇسىي بىلەن

① جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇنمىڭ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى، 89 ـ بەت.
② شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن، ئاتىكەم زامىرى: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 290 ـ بەت.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ بۇ ئىككى قەھرىمان ئوبرازى ئارقىلىق پارسلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە روھىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىدۇر. بۇ جەھەتتە ئەسەدىي تۇسىينىڭ «گەرشەسىپ ھېكايەتلىرى» داستانى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدىن كۆپ كېيىن تۇرىدۇ. «شاھنامە»نى 5000 يىللىق پارس تارىخىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى دېيىشكە بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بىز ئەسەدىي تۇسىي بىلەن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى گەرشەسىپ بىلەن رۇستەمنى ئازراق سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. گەرشەسىپ ناھايىتى باتۇر، قورقماس ۋە غالىب بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رۇستەم پالۋاندەك يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئەمەس. گەرشەسىپ بىر مەزگىل زالىم شاھ زەھھاك تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىگەن. بىر مەھەل يەنە فەرىدۇن پادىشاھ ئۈچۈن يىراق ـ يىراقلارغا يۈرۈش قىلغان. ئۇ رۇستەمدەك غۇرۇرلۇق ئوبراز ئەمەس. ئۇنىڭ غايىسىدىن، سۆز ـ سۆخەندىن، ھەرىكىتىدىن كىشىنىڭ يۈرەك ـ تارىنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك يەرلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. فىردەۋسىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى باش پېرسوناژ رۇستەم پالۋان ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ غايە ـ ئىستىكى، ئارزۇ ـ ئۈمىدى، تەقدىر ـ قىسمىتى ۋەتەن بىلەن بىر جان ـ بىرتەن بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلىق بولسا باتۇرلۇق، پالۋانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. رۇستەم داستانىدىن پارس خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي قىسمەتلىرىنى، رەڭدار مەدەنىيىتىنى ۋە ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش روھىنى ھەربىر مىسرا ـ قۇرلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رۇستەمنىڭ نەزىرىدە پارس (ئىران) دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇستا، دانىشمەن شائىر ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي رۇستەم پالۋان ئوبرازىنى ئاشۇنداق ئۇلۇغ، ئاشۇنداق تەسىرلىك ۋە ئاشۇنداق سۆيۈملۈك قىلىپ يارىتالىغان. ئەپسۇسكى، ئەسەدىي تۇسىي گەرشەسىپ پالۋان ئوبرازىنى ئۇ دەرىجىدە يارىتالمىغان. ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدى ۋە روھى ئانچە جەلپكار ئەمەس. گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساق، مەسىلە گەرشەسىپ ھېكايەتلىرى بىلەن رۇستەم ھېكايەتلىرىنىڭ قانداق ـ قانداقلىقىدا ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككى ئوبرازنى قانداق يارىتىشىدا. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى. بىر ئېغىز گەپ، فىردەۋسىي بىلەن ئەسەدىي تۇسىينىڭ قەلەم ماھارىتى بىر سەۋىيە ـ تەكشىلىكتە ئەمەس. ئەمما، ئېيتىش كېرەككى، گەرچە نىيىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەسەدىي تۇسىينىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدىن بەكرەك بەدىئىي تارىخ يارىتىش روھى مەدھىيەگە ئەرزىيدۇ. ئەپسۇس، ئەسەدىي تۇسىيدا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىغان. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى.

ئەسەدىي تۇسىي گەرشەسىپ ھېچقاچان مەغلۇب بولمىغان، ئۇ تەڭدىشى يوق غالىب پالۋان، رۇستەم بولسا كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولغان، دەپ قارىغان. بۇ راست بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولغانلىقى رۇستەم پالۋان ئوبرازىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق قەھرىمان، ھەرقانداق پالۋاندا ھېچقانداق نۇقسان بولمايدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە ـ ساۋاقلار، رەڭگارەڭ قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلەرلا قەھرىمان باتۇرنى تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ پاراسەتلىك، تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت! ئەگەر بىز، ھەرقانداق بىر قەھرىمان، ھەرقانداق بىر پالۋان جۈملىدىن ئەسەدىي تۇسىي تىلغا ئالغان گەرشەسىپنىڭ ئادەمزات ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساقلا، ئادەم بالىسىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ توققۇزىنىڭ تەل بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. مەيلى گەرشەسىپ پالۋان بولسۇن ياكى رۇستەم پالۋان بولسۇن، ئۇلارمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا بولمايدۇ. رۇستەم پالۋاننىڭ يەتتە چوڭ مۇشكۇلاتنى يېڭىش جەريانىدىكى كەچۈرمىش ـ سەرگۈزەشتىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارمۇ 81 تۈرلۈك مۇشكۇلاتنى يېڭىپ ئاندىن بۇددا نوملىرىنى ئەنەتكەكتىن چاڭئەنگە ئېلىپ كەلگەن. ئىزچىل غالىب كېلىش جەڭ ـ ئۇرۇش لو-

گىكىسىغا ئويغۇن ئەمەس. جەڭ - ئۇرۇش لوگىكىسى شۇكى، ئۇرۇش - جەڭلەردە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي شۇنداق ئۇلۇغكى، ئۇ بىر تەرەپتىن رۇستەم پالۋان بىلەن رەقىب-لىرىگە جەڭ سەھنىسى ئورۇنلاشتۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن، جەڭ ئارىلىقىدا رۇستەم پالۋان بىلەن تۇران مەلىكىسىگە سۆيگۈ - مۇھەببەت پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان مۇناسىۋىتى مەنتىقىسىگە ئويغۇن كېلىدۇ.

ماقالىمىزدىن قىسقىچە يەكۈن چىقارساق، پارس شائىرى ئەسەدىي تۇسىي ۋە ئۇنىڭ «گەرشەسپ ھېكايەتلىرى» ناملىق ئەسىرى پارس كلاسسىك پوئېزىيەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز يۇرتدا-شى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي بىلەن بەس - بەيگىگە چۈشۈپ، «شاھنامە» ئېپوسىدىنمۇ ئۆتەر ئەسەر يازماق-چى بولغانلىقىمۇ يامان ئىش ئەمەس، لېكىن خىيال باشقا، رېئاللىق باشقا دېگەندەك، ۋەقەلىك قۇرۇلمى-سى، ئىدىيەۋى مەزمۇن، پېرسوناژلار كەچۈرمىشلىرى، ئوبراز يارىتىش، بايان تىلى سەنئىتى، ئىجتىما-ئىي تەسىر ۋە دۇنياۋى ئورنىدىن ئالغاندا، ئەسەدىي تۇسىي ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىيگە يەتمەيدۇ، «گەرشە-سپ ھېكايەتلىرى» ياكى «گەرشەسپنامە» داستانى «شاھنامە» ئېپوسىغا يەتمەيدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئادىل باھا!

پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «پارس كىلاسسىك خەزىنىسى» (جەمئىي 18تومluq)، خونەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

2. جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئىنلۇن نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

3. ئابدۇۋەلى خەلپەتوف تەرجىمىسى: «دانالار خەزىنىسىدىن»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.

4. باباخان غاپپوروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

5. شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن، ئاتىكەم زامىرى: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(ئاپتورلاردىن شېرىن قۇربان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، مەدەلىخان بالۇن تاشقورغان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدا)

تۇرسۇنجان مەخمۇت

# شېئىرىيىتىمىزدىكى تەخمىس شېئىر شەكلى توغرىسىدا

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى ۋە ئاساسى ھېسابلىنىدىغان شېئىرىيەت قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئىزگۈلۈك، لەززەت ۋە تەڭداشسىز مەنىۋى قىممەت بېغىشلاپ، مەنىۋى ھاياتنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ كەلدى.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشتا ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن، كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولغان، چوڭقۇر ھېس ـ ھاياجاننى ئىپادىلەيدىغان غەزەل ژانىرى بولسا ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلىدىغان، شۇنداقلا باشقا شېئىر شەكىللىرى بىلەن ئوخشاشلا تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق ۋە كەڭ ئومۇملاشقان شېئىرىي شەكىلدۇر.

شېئىرىيىتىمىزدىكى غەزەلنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ماس ھالدا يەنە غەزەلدىن راۋاجلاندۇرۇلغان بىرقاتار شېئىرىي شەكىللەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلاردىن شېئىرىيىتىمىزدە تەربىئ، تەخمىس، تەسدىس، تەسبىئ، تەسمىن، تەتسىئ، تەئشىر قاتارلىق شەكىللەر بار. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە تەخمىس بىلەن تەسدىس كۆپرەك ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە مەن تەخمىس توغرىسىدا بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

تەخمىس — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «بەشكە بۆلۈش، بەشلەشتۈرۈش، مۇخەممەسلەشتۈرۈش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تەخمىس يېزىشتا مەلۇم شائىرنىڭ غەزىلىنى تاللىۋېلىپ، غەزەلنىڭ ھەربىر بېيىتىنىڭ ئالدىغا ئۈچ مىسرا قوشۇپ يېزىلىدۇ، بۇخىل شېئىرلار شەكىل جەھەتتىن تەخمىس بولىدۇ.

تەخمىس يېزىش كىلاسسىكلىرىمىزدىن بىزگىچە داۋاملىشىپ يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل شېئىر شەكلىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر ناھايىتى ئاز. تەخمىس ئادەتتە مۇنداق بىرقانچە خىل ئەھۋاللاردا مەيدانغا كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يازىدىغان يېتۇك قەلەم ئىگىلىرىگە، ئۇستازلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ماھارىتىگە بولغان زوقلىنىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەخمىس يېزىلىدۇ.

ئىككىنچى، پېشقەدەم شائىرلار ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىۋاتقان، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئۈمىدلىك ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن تەخمىس يازىدۇ.

ئۈچىنچى، قەلەمكەشلەر، پىكىرداشلار ئۆزئارا دوستلۇقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بىر ـ بىرىنىڭ ياخشى چىققان غەزەللىرىگە تەخمىس يېزىشىدۇ.

تۆتىنچى، تەخمىس يېزىش روشەن خاراكتېرگە ئىگە كۈچ سىنىشىش، بەسلىشىش، ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىش بەيگىسى بولۇپ، شائىرلار بىر ـ بىرىنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىس يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى قەلەم قۇۋۋىتىنى، ئىقتىدارىنى، تالانتىنى نامايان قىلىدۇ.

بەشىنچى، شېئىرىي پىكىر جەھەتتە كەڭلىككە، تېرەنلىككە ئېرىشەلىگەن غەزەللەرگە تەخمىس يې-

ـزىش ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرنى كېڭەيتىش، تولۇقلاش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېڭىچە شېئىرىي مۇھىت يا ـ رىتىش، پىكىرنى ۋايىگە يەتكۈزۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدەبىياتشۇناس، جامائەت ئەربابى، شې ـ ئىرىيەتنىڭ شاھەنشاھى دەپ تەرىپلىنىدىغان نەۋائىينىڭ ئۆز غەزىلىگە يازغان تەخمىسلىرىنى كۆرۈپ ئۆ ـ تەيلى.

ئەسلىي غەزەل شەكلى:

نە نەۋاساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۇلىستاندىن جۇدا
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا

ئول قۇياش ھەجرىدە قۇرقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي
ھەر شەرارىيكىم بولۇر بۇ ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا

دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ
جىسم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس جاندىن جۇدا

ھەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئېمىش مۇندىن سوڭ ئەي دەۋران مېنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا قىلغۇنچا جانادىن جۇدا

بولسا يۈز مىڭ جانىم ئال ئەي ھەجر لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا يا خۇد مېنى ئاندىن جۇدا

ۋەسل ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى ھەمانا بىلدىكىم
قىلغۇدەكدۇر سۇبھ ئانى شەمئى شەبىستاندىن جۇدا

بىر ئىگەسىز ئىت بولۇپ ئەردى نەۋايى يارسىز
بولماسۇن يا رەبكى ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا

بۇ غەزەل بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «غەرايىبۇس ـ سىغەر» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى «نەۋادىرۇش ـ شەباب» دىۋانىدا بۇ غەزەلگە تەخمىس يازغان. بۇ «نەۋادىرۇش ـ شەباب» دىۋانىغا كىر ـ گۈزۈلگەن ئىككىنچى مۇخەممەسىدۇر.

ئاھكىم ۋالىھ مەن ئول سەرۋى خىرامادىن جۇدا
كۆزلەرىم گىرياندۇر ئول گۇل بەرگى خەنداندىن جۇدا
بىنەۋادۇر جان داغى ئول ھۇرى رىزۋاندىن جۇدا
نە نەۋاساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۇلىستاندىن جۇدا
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا

ۋەھ نېچە ئىشق ئوتى جىسمىمدا سۆڭەكنى ئۆرتەگەي

كۆڭلەكىم جەيبىغە ئوت سالغاي ئىپتەكىنى ئۆرتەگەي
تەلبەلىك ئاھىم سەمادىن تا سەمەكنى ئۆرتەگەي
ئول قۇياش ھەجرىدە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي
ھەر شەرارىكىم بولۇر بۇ ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا

ۋەھكى باغرىم تۆكتى كۆزلەر يولىدىن پەرگالە كۆپ
كۆز ھەم ئول گۇل ھەجرىدىن ياغدۇردى گۇل گۇن ژالە كۆپ
زەئف ئىتىپمەن قانلىغ ئەشكىم بەسكى تۆكتى لالە كۆپ
دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ
جىسم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس جاندىن جۇدا

قىلغالى مەھرۇم جامى ۋەسلىدىن جانان مېنى
تەلخ كام ئەتمىش تىرىگلىك بادەسىدىن جان مېنى
ھەر زەمانىي ئۆلتۇرۇر غەم زەھرىدىن ھىجران مېنى
ھەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئىمىش مۇندىن سوڭ ئەي دەۋران مېنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا قىلغۇنچا جانىدىن جۇدا

باغرىما ئەي خارى ھىجران ھەر زەمان سانچىلماغىل
ئەي كۆڭۈل يۈز جەۋر يەتسە كۆزگە غەيرىن ئىلماغىل
مىڭ بەلا يۈزلەنسە ئەي جان ياردىن ئايرىلماغىل
بولسا يۈز مىڭ جانىم ئال ئەي ھەجر لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا يا خۇد مېنى ئاندىن جۇدا

جاننى ئانداق ھۇسنۇڭ ئوتى شۇئلەسى چاقىلدىكىم
جىسم ئانىڭدەك لەمئەئى رۇخسارىڭا يا قىلدىكىم
شەرھى ھالىغا ئالارنىڭ بۇ رەقەم يازىلدىكىم
ۋەسل ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى ھەمانا بىلدىكىم
قىلغۇدەكدۇر سۇبھ ئانى شەمئى شەبىستاندىن جۇدا

ئاشقىيكىم بولغاي ئول بىر شوخى گۇلرۇخسارسىز
ئۇيلە بۇلبۇلدۇركى قالمىشدۇر گۇلۇ گۇلزارسىز
ۋاي ئول بىدىلغاكىم قالغاي تىرىگ دىلدارسىز
بىر ئىگەسىز ئىت بولۇپ ئەردى نەۋايى يارسىز
بولماسۇن يا رەبكى ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن، كىلاسسىك ئەدە-
بىيات گۈلشىنىدە ئاجايىپ رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان، نەۋايىنىڭ «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىس-

لىق قىلىپ، بىر قاتار يىرىك داستانلارنى ياراتقان نامايەندىلەردىن بىرسى ئابدۇرېھىم نىزارىيمۇ ئەلشىر نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان»ىدىكى بىر قىسىم غەزەللىرىگە تەخمىس يازغان.
ئەسلىي غەزەل شەكلى:

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل- كەئسى ئەنۋارۇل-ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا.

بۇنىڭغا نىزارىي مۇنداق تەخمىس يازغان:

ساغەرى ۋەھدەت بىلە ئەيلەپ تەھارەت، ئابىدا،
قىل مۇھەببەت دەيرىدە پىرى مۇغانغە ئىقتىدا،
ئەيلەگىل باشىڭگە ئولدەم بادەپالادىن رەۋا،
ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل - كەئسى ئەنۋارۇل - ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا.

يۇقىرىقى غەزەل نەۋايىنىڭ «غەرايىبۇس - سىغەر»دىكى بىرىنچى غەزىلى بولۇپ، بۇ غەزەلگە يەنە 19 - ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن موللا قۇربان ئىسىملىك بىر لىرىك شائىرمۇ تەخمىس يازغان.

ھەمدۇلىللاھ، ئەنتە مەھمۇدا ۋە نەھنۇ ھامىدا،
ئىننە رەببىلئالەمىن لىرزائىكە رۇھى فىدا،
يا ھەببەللاھ، ئەشفەق لىي ۋە ئەرھەم سەييىدا،
ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل- كەئسى ئەنۋارۇل-ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا.

يەنە كىلاسسىكلىرىمىزدىن ئەمىرىينىڭ لۇتفىي غەزىلىگە يازغان تەخمىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.
ئەسلىي غەزەل شەكلى:

ناردەك يانغاقلارىڭ كەبى شامئى ئەنجۇمەندە يوق،
سەرۋى قەدىڭ مەگزلى سەنۇبەر چەمەندە يوق.

تىشىڭ دۇرىنى لۇتفى سىفەت قىلغاي بىرى،
بىر دۇر قىيمەتى سۆزى ياڭلىغ ئەدەندە يوق.

بۇ غەزەلگە ئەمىرى مۇنداق تەخمىس يازغان:

كۆردۇم يۈزۈڭنى تاقەت ئىلە سەبىر مەندە يوق،
گۇل غۇنچەسىدە لەبلەرىڭ ئاللىدا خەندە يوق،
سەندەك نىگار سىم بەدەن ھېچ قەندە يوق،
ناردەك يانغاقلارىڭ كەبى شامئى ئەنجۇمەندە يوق،

سەرۋى قەدلىك مەگىزلى سەنۇبەر چىمەندە يوق.

گۇل ئۈزرە شەبنەم ئىجۇسىدۇر يا يۈزۈك تىرى،
باردۇر ئەمىر ۋەسفىدا ئانى سۆز ئەيتۈرى،
يوقتۇر مەھەل بىھىش ئېرۇر ئافەرىن يىرى،
تىشىك دۇرنى لۇتفىي سىفەت قىلغاي بىرى،
بىر دۇر قىيمەتى سۆزى ياڭلىغ ئەدەندە يوق.

تۆۋەندە يەنە كىلاسسىك شائىرلاردىن فەزلىينىڭ ئەسىرىي غەزىلىگە يازغان تەخمىسنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

ئەسلىي غەزەل شەكلى:

سىھى سەرۋى مەزارىم ئۈزرە رەفتار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مېنى خاكى ئەدەمدىن ئەمدى بىدار ئەيلەمەسىزمۇ.

نەزاكەت باغىدە ئەي نەۋ نەھالۇ تازە جەۋلانىم،
ئەسىرىي كۆلبەسىنى رەشىك گۈلزار ئەيلەمەيسىزمۇ.

شائىر فەزلىي بۇ غەزەلگە مۇنداق تەخمىس يازغان:

تەجەللى تۇرىدىن بىر ئەرزى دىدار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مۇھەببەت ۋادىسى سەرگەشتەسىن يار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مەسىھالىق ئىشىن بىر دەمدە ئىزھار ئەيلەمەيسىزمۇ،
سىھى سەرۋى مەزارىم ئۈزرە رەفتار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مېنى خاكى ئەدەمدىن ئەمدى بىدار ئەيلەمەسىزمۇ.

زىياد ئولسۇن شۇكۇھۇ شەۋكەتىڭىز، ئەي فەلان خانىم،
قاچان بىر كىچە لۇتف ئەيلەپ بولۇرسىز ياخشى مېھمانىم،
ئېرۇرسىز ھۇسنى ئەفلاكى ئارا چۇن ماھى تابانىم،
نەزاكەت باغىدە ئەي نەۋ نەھالۇ تازە جەۋلانىم،
ئەسىرىي كۆلبەسىنى رەشكى گۈلزار ئەيلەمەيسىزمۇ.

تەخمىس يېزىش كىلاسسىكلارغا بولغان ھۆرمەتنى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بولغان زوقلىنىشنى بىلدۈرىدىغان ئىلمىي ئىجادىيەت بولغاچقا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىمۇ كىلاسسىكلارنىڭ غەزىلىگە تەخمىس يازغان.

تۆۋەندە تۇرغۇن يىلتىزنىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزىلىگە يازغان تەخمىسنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئاغرىدى تەن، قىينىلىپ جان بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىدا،

بەندۇبەند ئەقلىممۇ، ئەركىمدىن ئەجەب بولدۇم جۇدا،
ساقىيا تەھسىنكى، مەي تۇتتۇڭ تۆكۈپ چىن سىر ئۇدا،
ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل - كەئسى ئەنۋارۇل - ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېلىھەم تەخمىس شېئىر شەكلىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كىلاسسىكلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلەر بار. بۇ جەھەتتە ئىزدىنىۋاتقان بىر قىسىم شائىرلار كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىس يېزىپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزنىڭ غەزەللىرىگىمۇ تەخمىس يازغان.

تۆۋەندە مىسال ئۈچۈن شائىر تورغۇن يىلتىزنىڭ بىرقىسىم شائىرلارنىڭ غەزەللىرىگە يازغان تەخمىسلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزىلىگە يېزىلغان تەخمىس:

باغقا كىرسەڭ مېۋىلەردىن تارقىلار خۇددى ئىپار،
تاغقا چىقساڭ گۈل - چېچەككە قوش - ھاشارات دوستۇ يار،
نەگە بارساڭ ئوت چېچىپ تۇرغان قۇياش ئۈستۈڭدە بار،
ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق، بولغاي ھاۋا ئىسسىقتا تار،
ھەركۈنى ئاخشامنى كۆپ جان خالىغاي بىئىختىيار.

نىمشېھىت غەزىلىگە يېزىلغان تەخمىس:

ئەزىز دوستۇم، بىلىمنى سۆي، بىلىمسىزلەرگە ئىش - كار يوق،
ۋۇجۇدۇڭنى بېزەشكە پەن - بىلىمدەك كاتتا زۇننار يوق،
قۇلاق سالغىن، بىلىمسىزلەر ئىچىدە چىن ۋاپادار يوق،
جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق .

تېيىپجان ئېلىيوف غەزىلىگە يېزىلغان تەخمىس:

ئايان، سۆيگۈ تەمە قىلدىڭ، كۆزۈمدە كۆپ جۇلا قىلدىڭ،
كۆڭۈل بەردىم، سىرىم سۆيگۈمنى دەردىڭگە داۋا قىلدىڭ،
شىپا تاپتىڭ، يىراقلاشتىڭ، شۇ كۆڭلۈمنى ئالا قىلدىڭ،
مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن، ئۆزۈڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ،
ئەجەب گەپقۇ، نېمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ؟

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر غەزىلىگە يېزىلغان تەخمىس:

كىشىگە سەنمۇ ھەمكار بول، ئەگەر ھەمكار كېرەك بولسا،
بىراۋغا سەنمۇ خۇشتار بول، ئەگەر خۇشتار كېرەك بولسا،
ئېگىز تاغ باغرىنى كەزگىن، ئەگەر مۇز - قار كېرەك بولسا!...
كۆيۈكنى دىلغا جا ئەيلە، ئەگەر دىلدار كېرەك بولسا،

ۋاپا لەۋزىنى ۋىجدان بىل، ۋاپادار يار كېرەك بولسا.

تەخمىس يېزىش بىرخىل ئىلمىي بولغان ئىجادىيەت جەريانى بولغاچقا، ئۇ قەلەم ئىگىلىرىدىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

بىرىنچى، تەخمىس يېزىش ئەسلىي ئاپتورنىڭ غەزىلىگە ئۈچ مىسرا قوشۇپ مۇخەممەس شەكلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، يېزىلغان تەخمىسلەر ئەسلىي غەزەلنىڭ شەكلى بىلەن بىردەكلىكنى ھاسىل قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، يېزىلغان تەخمىستە، مەزمۇن ۋە پىكىر ئىزچىللىقىدا ئەسلىي غەزەل بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. غەزەللەرگە زورمۇ زور مىسرالارنى قوشۇپ ئۇنى قۇرۇق سۆز دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

ئۈچىنچى، شائىرلار تەخمىس يازغاندا، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا، ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا تۇرۇپ، ئوخشاش بىر مەزمۇن، ئوخشاش بىر تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىدىغان بولغاچقا، ئەسلىي غەزەل بىلەن كېيىن يېزىلغان مىسرالار ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىردەكلىك ھاسىل قىلىشى، خۇددى بىر ئاپتور قەلىمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەردەك تۇيغۇ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، شائىرلار تەخمىس يېزىشتىن ئاۋۋال ئەسلىي غەزەلنىڭ قاپىيە، ۋەزنىلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشى، يېزىلغان تەخمىس بىلەن ئەسلىي غەزەلنىڭ ۋەزنى ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، تەخمىستىن ئىبارەت ئۆزگىچە كىلاسسىك شېئىرىي شەكىلگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق بولغانلىقتىن، بۇخىل شېئىرىي شەكىلدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر ناھايىتى ئاز بولغان. تەخمىس يېزىش ئادەتتىكى شېئىر ئىجادىيىتىدىن ھەم مۇخەممەستىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇرېھىم نىزارى: «نىزارى لىرىكىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 9 - ئاي نەشرى. مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن نەشرگە تەييارلىغان.

2. ئەلىشىر نەۋايى: «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى 12 - ئاي نەشرى. تېيىپجان ئېلىيوف نەشرگە تەييارلىغان.

3. تۇرغۇن يىلتىز: «جانان كېلىدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

4. موللا قۇربان: «مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلەر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 4 - سان. مۇھەممەتتۇردى مىرزەئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان.

5. مەمتىمىن يۇسۇپ، مۇھەممەت ئوسمان، بارات رەجەپ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان: «باياز (2)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىلى 12 - ئاي نەشرى.

(ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى 2009 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي

# مەشھۇر تېۋىپ، ئوزۇقشۇناس قوستىي ۋە ئۇنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ھەققىدە*

### 8. قاتلىمىلار

**كۈنجۈت قاتلىمىسى**

بۇغداي ئۇنىدىن بەش جىڭ، كالا سۈتى تۆت جىڭ، سېرىق ماي بىر جىڭ، سۈس قورۇلغان قارا كۈنجۈت بىر سەر. بۇلارغا تۇز، ئازراق سودا ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ، قاتلىما ياسىغاندىن كېيىن، قاتلىمىنىڭ ئۈستىگە قارا كۈنجۈت سېپىلىپ ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ.

**سۈت قاتلىمىسى**

بۇغداي ئۇنىدىن بەش جىڭ، كالا سۈتى ئىككى كىلوگىرام، سېرىق ماي بىر جىڭ، سۈس قورۇلغان ئارپابەدىيان بىر سەر. بۇلارغا تۇز ۋە ئازراق سودا ئارىلاشتۇرۇپ قاتلىما پىشۇرۇلىدۇ.

### 9. تالقانلار

**ئەنبىيا تالقىنى**

بارلىق كېسەللىك ئىللەتلىرىنى تازىلايدۇ. تال، ئاشقازاننى ئىللىتىپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلايدۇ، ھۆل سوغۇقنى ھەيدەيدۇ.

جۇڭگو باينىقى بىر جىڭ (گۆرۈچ شىرنىسىگە ئۈچ كۈن چىلاپ، يۇمشىغاندىن كېيىن بامبۇك پىچاقتا يالپاقلاپ ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇپ تالقان قىلىنىدۇ)، قورۇتۇلغان ئارپابەدىيان تالقىنى ئىككى سەر، چۇچۇكبۇيا تالقىنى ئىككى سەر، قورۇلغان بۇغداي ئۇنى بىر جىڭ، قۇرۇتۇپ تالقان قىلىنغان چىلان 200 گىرام، قورۇلغان تۇز تۆت سەر. بۇلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى شېكەر بىلەن ئاچ قورساققا كاپ ئېتىلىدۇ.

**ئۆرۈك تالقىنى**

ئۆپكىنىڭ قۇۋۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۆكرەك پەردىسىنىڭ خىزمىتىنى نورماللاشتۇرىدۇ، يۆتەلنى داۋالايدۇ.

قورۇپ تالقان قىلىنغان تېرىق 500 گىرام، پوستى ئېلىۋېتىلگەن ئۆرۈك مېغىزى 200 گىرام، بۇغداي كېپىكى بىلەن قورۇپ يانجىلىدۇ، قورۇلغان تۇز ئۈچ سەر، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاچ قورساققا بىر مىسقالدىن قايناق سۇغا سېلىپ ئىچىلىدۇ. ئازراق سېرىق ماي سالسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**پىچەككۆل تالقىنى**

ماغدۇرسىزلىقنى داۋالاپ، قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ. تال، ئاشقازاننى ئىللىتىپ، ئۆپكىنى نەمخۇش قىلىدۇ.

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا.

پىچەكگۈل بىر جىڭ پىشۇرۇلىدۇ، تېرىق 500 گىرام قورۇپ تالقان قىلىنىدۇ، ئۆرۈك مېغىزى ئىككى جىڭ، ئوتتا قورۇپ پوستى ئېلىۋېتىلىپ، گۈرۈچلىك چوڭلۇقتا ئۇۋۇتىلىدۇ. ھەر كۈنى ئىككى مىسقال ئېلىپ، ئازراق سېرىق ماي سېلىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**تۆت تەركىبلىك تالقان**

سوغۇقتىن بولغان سانجىق، تال، ئاشقازاننىڭ خىزمىتى نورمالسىزلىششىقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

بۇغداي ئۇنى بىر جىڭ، كۈنجۈت بىر جىڭ، ئارپابەدىيان ئىككى سەر، قورۇلغان تۇز بىر سەر، بۇلارنى تالقان قىلىپ، ھەر كۈنى قايناق سۇ بىلەن ئاچ قورساقتا ئىچىلىدۇ.

**يەلراۋان تالقىنى**

ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى، قورساق ئاغرىقى، كۆكرەك چىڭقىلىپ بىئاراملىنىشنى داۋالايدۇ.

ئۆرۈك مېغىزى بىر جىڭ، پوستى ئېلىنىپ تالقانلىنىدۇ، ئارپابەدىياندىن تۆت سەر ئېلىپ قورۇلىدۇ، خولىنجان بىر سەر، كابابە ئىككى سەر، ئاپېلسىن پوستى ئىككى سەر (ئاق يېپچىلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ)، گۈلدارچىن يېرىم جىڭ، زەرچىۋە بىر سەر، قۇستە بىر سەر، قەلەمپۇر بىر سەر، چۆچۈكبۇيا يېرىم جىڭ، تۇز يېرىم جىڭ. بۇلار تالقان قىلىنىپ ھەر كۈنى قايناق سۇغا سېلىپ ئاچ قورساقتا ئىچىلىدۇ.

**شورلانغان قارىئۆرۈك تالقىنى**

تال، ئاشقازاندىكى ئىسسىقنى ئالىدۇ، ئىچ بەدەن ئىسسىقلىقىدىن ئالىقان، تاپان قىزىش، خولېرا كېسىلىدىكى ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش، خىلتلار توسۇلۇشتىن بولغان تولا ئۇسساش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ.

شورلانغان خام قارىئۆرۈك بىر جىڭ، ئاق سەندەل تۆت سەر، چۆچۈكبۇيا تۆت سەر، تۇز يېرىم جىڭ. بۇلار تالقان قىلىنىپ ھەر كۈنى بىر مىسقالدىن ئازراق زەنجىۋىل شىرنىسى قوشۇپ قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ[18].

**10. قايناتمىلار**

**زىچ يوپۇرماقلىق ئاپېلسىن قايناتمىسى**

زىچ يوپۇرماقلىق ئاپېلسىن ئۇرۇقىدىن 50 دانە، پوستى ئېلىۋېتىلىپ ئۈچ جىڭ ئاق شېكەر بىلەن بىللە قاينىتىلىدۇ.

**گىلاس قايناتمىسى**

گىلاستىن 50 جىڭ ئېلىپ سىقىپ شىرنىسى ئېلىنىدۇ، ئاندىن 25 جىڭ ئاق شېكەر بىلەن بىللە قاينىتىلىدۇ.

**شاپتۇل قايناتمىسى**

چوڭ شاپتۇلدىن 100 تال ئاقلاپ، نېپىز كېسىلىپ سىقىپ شىرنىسى ئېلىنىپ، چەككىلەنگەن 20 جىڭ ھەسەل بىلەن بىللە قاينىتىلىدۇ.

**تاغ ئانىرى قايناتمىسى**

تاغ ئانىرىدىن 20 كىلوگىرامنى دۇملەپ پىشۇرۇپ، ئۇرۇقىنى چىقىرىۋېتىپ قىيام قىلغاندىن كېيىن، 10 جىڭ چەككىلەنگەن ھەسەل بىلەن بىللە قاينىتىلىدۇ.

**كۈلى بېھىسى قايناتمىسى**

10 دانە كۈلى بېھىسىنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستى ئېلىۋېتىلىپ، سىقىپ شىرنىسى چىقىرىلىپ سۇيى

تۇگمۈچە قايناتىلغاندىن كېيىن، چەككىلەنگەن ئاق شېكەردىن 10 جىڭ سېلىپ قايتا قايناتىلىدۇ.

لىمان قايناتمىسى

لىمان مېۋىسى 20 دانە، چەككىلەنگەن ئاق شېكەر 10 جىڭ، بىللە قايناتىلىدۇ.

تاغ گىلاس قايناتمىسى

تاغ گىلاسىدىن 100 دانە ئېلىپ، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلىپ، چەككىلەنگەن بەش جىڭ شېكەر بىلەن قاي- نىتىلىدۇ.

رەيھان (زۇلفا) قايناتمىسى

رەيھان (زۇلفا) يوپۇرمىقىدىن بەش جىڭ، قۇرۇتۇلغان كۈلى بېھىسىدىن بەش جىڭ، چەككىلەنگەن ئاق شېكەردىن 10 جىڭ ئېلىپ بىللە قايناتىلىدۇ[15].

11. توقاچلار

كات ھىندى چاي توقچى

خىلىت ھاسىل قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، يۆتەلنى داۋالايدۇ.

كات ھىندى بىر سەر ئىككى مىسقال، چاۋشيەن مېھرىگىياھى بىر سەر (يىلتىز تۈكچىلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ)، ئېگىر بىر مىسقال، ھەرقايسىسى سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ. بەينابا (شېكەر) ئۈچ سەر، يانجىپ تەييارلىنىدۇ. كات ھىندى ئۆزۈم ھارىقىدا چەككىلىنىپ، رىشالە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، باشقا تالقان دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چەككىلەپ توقاچ ياساپ، ھەر كۈنى بىر تالدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بىخ دارچىن ـ كات ھىندى چاي توقچى

خىلىت ھاسىل قىلىدۇ، سوغۇق يۆتەلنى توختىتىدۇ.

بىخ دارچىن تالقىنى ئىككى مىسقال، كات ھىندى بىر سەر ئىككى مىسقال، چاۋشيەن مېھرىگىياھى بىر سەر ئىككى مىسقال (يىلتىز يىپچىلىرى ئېلىۋېتىلىپ تالقان قىلىنىدۇ)، بەينابا (شېكەر) ئۈچ مىسقال ئېلىپ يانجىلىدۇ. كات ھىندى قىزىلگۈل سۈيىدە چەككىلىنىپ، رىشالە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چەككىلەپ، ھېلىلە مېيىدا توقاچ ياساپ، ھەر كۈنى بىر تالدىن شۈمۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

جىنتىيانا توقچى

كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، مېڭىنى سەگىتىدۇ. كېكىردەكنى سىلىقلايدۇ، خىلىت ھاسىل قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ.

جىنتىيانا تالقىنى ئىككى مىسقال، چاۋشيەن مېھرىگىياھى بىر سەر ئىككى مىسقال (يىلتىز يىپچىلىرى ئېلىۋېتىلىپ تالقان قىلىنىدۇ)، بەينابا (شېكەر) بەش سەر سوقۇلىدۇ. جىغان مېۋىسىنى قايناتىپ قىيام قىلغاندىن كېيىن باشقا دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، چەككىلەپ توقاچ ياساپ، ھەر كۈنى بىر تالدىن شۈمۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

پۇراقلىق ئاپېلسىن توقچى

كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، مېڭىنى سەگىتىدۇ. يەلنى يۈرۈشتۈرۈپ، مەيدىنى بوشىتىدۇ.

قۇرۇتۇلغان يېڭى ئاپېلسىن پوستى (ئاق يىپچىلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ) بىر سەر، قۇستە بەش مىسقال، ئاق سەندەل بەش مىسقال، تۈكلۈك قاقىلە بەش مىسقال، لاچىندانە مېغىزى بەش مىسقال، كابابە ئۈچ

كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com

مىسقال، دانىكار ئۈچ مىسقال (ئايرىم ئۇۋۇتىلىدۇ)، ئەنبەر (بورنېئول) ئىككى مىسقال (ئايرىم ئۇۋۇتىلىدۇ)، ئىپار ئىككى مىسقال (ئايرىم ئۇۋۇتىلىدۇ)، يۇقىرىقىلارنى تالقان قىلىپ، چۆچۈكبۇيا مەلھىمى بىلەن يۇغۇرۇپ توقاچ تەييارلاپ، ھەر كۈنى بىر تالدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ[71].

## «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» دا پايدىلىنىلغان دورا ـ دەرمەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە

قوسقوي ئۆزىنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ناملىق بۇ تېببىي كىتابىدا قەدىمدىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن دورا ـ دەرمەكلەرنى ئاساس قىلغان. ئۇ پايدىلانغان دورىلار ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ئوخشاشلا ئۈچ مەنبەدىن كەلگەن. مەسىلەن، بىرىنچىدىن، ئۆسۈملۈك دورىلاردىن تۈرلۈك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۈتۈن تېنى (غولى)، يىلتىزى، گۈل ۋە چېچەكى، قوۋزىقى، يېلىمى، سۈتى، مېۋىسى، ئۇرۇقى، مېغىزى ئايرىم ھالدا دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

ئىككىنچىدىن، ھايۋانى دورىلاردىن قۇندۇز قەھرى، بۇغا مۈڭگۈزى، بۇقا چۇۋىسى، سەقەنقۇر، كىرپە، يىلان، چايان، سەدەپ، مارجان ھەمدە ئات، قوي، كالا، ئۆچكە، ئېشەك، بۆرە، ئېيىق، ئىت، تۆگە... قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشى، قېنى، شورپىسى، تېرىسى، سۆڭىكى، سۈتى، ھەتتاكى سۈيدۈكى بىلەن پوق ـ تېزەكلىرىمۇ دورا ئورنىدا پايدىلىنىلغان.

ئۈچىنچىدىن، مەدەن دورىلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، قەلەي، تۆمۈر، مىس، گۈڭگۈرت، نۆشۈدۈر، ياقۇت ۋە باشقىلاردىن دورا ئورنىدا پايدىلانغان.

قوسقوي پايدىلانغان ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ دىيارىمىزدىن چىقىدىغان نۇرغۇن دورىلارنى شىپالىق تائاملارغا رېتسېپ بويىچە كىرگۈزگەن.

**كۈنجۈت**

كۈنجۈت دىيارىمىزدا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتى 1 ـ دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق، شىلىمشىق ھۆللۈكى بار.

خۇسۇسىيىتى: تۇتاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، جىگەردە ئوبدان ھەزىم بولۇش، بەدەننى سەمرىتىش، ئاۋازنى ساز قىلىش، كۆيگەن خىلتلارنى، سەۋدا ماددىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆچەيلەرنى، مەقئەتنى يۇمشىتىش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىش ئۇرنى: كۈنجۈتنى شاراب بىلەن قوشۇپ چايان چاققان، يىلان چاققان كىشىگە ئىچۈرۈلسە مەنپەئەت قىلىدۇ. باراۋەر مىقداردا شېكەر، خەشخاش، يېرىم مىقداردا پوستى ئېلىنغان بادام مېغىزى، 110 بىخ ئەبيەس قوشۇپ ھەر كۈنى 30 گىرام يېسە بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى كۈچلەندۈرىدۇ، بۆرەككە ياغ پەيدا قىلىدۇ.

**قاپاق**

قاپاق دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھەممىسى 2 ـ دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: سوۋۇتۇش، ھۆللۈك پەيدا قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، قورساقنى يۇمشىتىش ۋە سېرىق كېسەللىكنى يوقىتىش، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. پىشۇرۇلغىنىنىڭ غىزالىق تەرىپى ئاز، ئەمما ئوڭاي سىڭىدۇ. ئىسسىق مىجەز، سەپرا مىـ

جەز كىشىلەرگە توغرا كېلىدۇ، قان پەيدا قىلىدۇ.

قاپاق يىغىنىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بەدەن ۋە مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى يوقىتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. مالىخولىيا ۋە قۇرۇقلۇقتىن بەدەنلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىش كېسەللىكى، ئىسسىقتىن بولغان قولاق ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ھەم تەبدىقلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قاتتىق ئىلىقلارنى يۇمشىتىدۇ. ئىچسە، تېمىتىلسا ياكى ياغلانسا ئوخشاش مەنپەئەت قىلىدۇ[21].

قاپاق ئۇرۇقىنىڭ تەبىئىتى 2 ـ دەرىجىدە سوغۇق، 1 ـ دەرىجىدە ھۆل. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بەدەننى سەمرىتىدۇ، كۆكرەكنىڭ قۇرۇقلۇقىنى يوقىتىدۇ. ئۆپكىدىن كېلىدىغان قاننى توسىدۇ. ئىسسىق يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى يوقىتىدۇ، ئۈچەينىڭ ۋە دوۋسۇننىڭ خىلىتتىن پەيدا بولغان جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

چامغۇر

چامغۇر دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان ئەلا سۈپەتلىك دورىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، رەسمىي چامغۇرنىڭ تەبىئىتى: 2 ـ دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، بىرىنچىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل.

خۇسۇسىيىتى: ئوزۇقلۇق خۇسۇسىيىتى ئارتۇق، يۆتەلنى يوقىتىش، كۆكرەكنى، قورساقنى بوشىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، باھنى قوزغاش، مەنىينى كۆپەيتىش، سۈيدۈكنى ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

چامغۇر ئۇرۇقى

تەبىئىتى: ئىسسىق، زەھەرسىز، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ (بولۇپمۇ ئاياللارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ).

سۈيدۈك ھەيدەش ۋە سېرىقلىق كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن قاينىتىپ شىرىنىسى ئىچىلىدۇ. توپلانغان خىلىتلارنى ھەيدەش ۋە تاماق ھەزىم قىلىش ئۈچۈن قايناتقان سۈيى بېرىلىدۇ. تالقانلاپ ئىچۈرۈلسە، ئىچ سۈرۈشنى، قورساق ئاغرىقى ۋە قورساق كۆپۈشلەرنى داۋالايدۇ. سوقۇپ ياغ بىلەن مەلھەم قىلىپ يۈزگە سۈرتسە، داغنى، قورۇقنى يوقىتىدۇ. مەلھەمنى تاڭسا، دۆنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا چاپسا، چاچنى چىڭىتىدۇ، ھەب ياساپ ياكى ئۆزىنى مۇۋاپىق تۇردە ئىچسە، بەدەننى كۈچەيتىدۇ، سەمرىتىدۇ، ھاراق بىلەن ئىچسە، دۆ چاققان زەھەرنى قايتۇرىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. ئازراق قورۇپ ياغ تارتىپ يېسە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ[22].

چامغۇر گۈلى

تەبىئىتى: مۆتىدىل، زەھەرسىز، چېچەكلىگەندە يىغىۋېلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاجىزلاپ كەتكەن سىل (تۇبېركۇليوز) كېسەللىرىنى داۋالايدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۇزاق ئىستېمال قىلىنسا، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

تۇرۇپ قەدىمدىن دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇرۇقىنىڭ 3 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق. تائاملارغا ئىشلىتىدىغان بېشىنىڭ تەبىئىتى 1 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 2 ـ دەرىجىدە ھۆل.

خۇسۇسىيىتى ماددىلارنى يۇمشىتىش ۋە تارقىتىش، كېكەرتىش، ئېغىر تاماقلارنى ھەزىم قىلىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

تۇرۇپ

تۇرۇپ ئۇرۇقى ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، شۇ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ھەزىم قى-

لىشنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاشقازاننىڭ كونا كاتارى (سۇلۇق ياللۇغى)، كونا كاناي ياللۇغى، سېسىق يۇراقلىق كاناي ياللۇغى، خىلىت كۆپەيگەن، كۆكرەك چىڭقىلىش، كېكىرىك كەلمەسلىك، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇ - سۇشلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ، بەزگەككىمۇ بېرىلىدۇ.

تۇرۇپ يوپۇرمىقى قايناتمىسى ئىششىق قايتۇرغۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى قورساققا سۈركەلسە مەيدىدە توپلىنىۋالغان تاماقنىڭ سىڭىشىگە ياردەم بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنى يېسە تولغاقنى داۋالايدۇ ۋە ئالدىنى ئالىدۇ.

تۇرۇپنىڭ قاينىتىلغان سۈيى ئۈششۈكنى داۋالايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پۇت يۇيۇلسا، پۇت تەرلەشنى ئازاي - تىدۇ. يېڭى تۇرۇپ سالقىنلىتىپ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاماق سىڭىشكە ياردەم بېرىدۇ. قاينىتىپ ئىچۈرۈلسە، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، زىققە (دەم سىقىلىش) نى داۋالايدۇ، قان تولغاقنى توختىتىدۇ، كۆمۈر ئىسىدىن زەھەرلىنىشنى داۋالايدۇ. ئىششىق قايتۇرىدۇ[23].

**كاشتان**

تەمى تۇزلۇق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. كەيپىياتنى ئۇرغۇتىدۇ، ئۈچەي، ئاشقازاننى ساغلاملاشتۇرىدۇ. بۆرەك ئاجىزلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**گىلاس**

تەمى تاتلىق، تال، ئاشقازاننى تەرتىپكە سالىدۇ. چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. زۇكامدىن بولغان ئىس - سىتما، يۆتەل ئاسارىتى قالغانلار يېمەسلىكى كېرەك.

**پىستە**

تەمى تاتلىق، زەھەرسىز.

تال، ئاشقازان پائالىيىتىنى رەتكە سالىدۇ. بۇ مېۋە ئۇيغۇرلار يۇرتىدىلا ئۆسىدۇ.

**تاۋۇز**

تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. بۇرۇقتۇرمىلىقنى يوقىتىدۇ. ھاراقتىن زەھەرلىنىشنى كېسىدۇ.

**دورىلىق چىلان**

تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

يۈرەك، قورساقتىكى ئىسسىقنى ئالىدۇ. كېسەللىك ئىللەتلىرىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولغان سانجىقنى داۋالايدۇ، خاپىغاننى يوقىتىدۇ.

**تاشئالما**

تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. تولغاققا شىپا بولىدۇ.

**بادام مېغىزى**

تەمى تاتلىق، زەھەرسىز. يۆتەلنى توختىتىپ، يەلنى يۇرۇشتۇرىدۇ. يۈرەك، قورساقتىكى سىقىلىشنى تارقىتىدۇ. بۇ مېۋە ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئۆسىدۇ[24].

**چىلان**

چىلان دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان مۇھىم دورىلىق مېۋە بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى قويۇق خىلىتلار - نى پىشۇرۇش، سۈيۇق خىلىتلارنى سۇرۇش، كۆكرەك ۋە گالنى سىلىقلايدۇ، ئاۋازنىڭ ئىسسىقتىن پۈتۈپ قېلىشى ھەم غاراڭ ـ غۇرۇڭلارنى تۈزىتىش، قاننى سۈزۈش، قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش خۇسۇسىيە -

تىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئۆپكىنىڭ، گالنىڭ يىرىكلىكىگە، يۆتەلگە، ھاسىراشقا، ئاۋازنىڭ پۈتۈپ قېلىشىغا ھۆلىنى (يېڭىسىنى) ئىشلىتىمىز. جىگەر، مەقئەتنىڭ كېسەللىرىگە، قان بۇزۇلغانغا، ئۈچەي جاراھەتلەرىگە بېرىلىدۇ. ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇۋۇتۇلغان قايناق سۇ بىلەن ئېلەشتۇرۇپ بېرىلسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۆزى كاسىنا ئەرەقى، سىركەنجۇبىل بىلەن قايىنتىپ بېرىلسە، يەل تاشقانغا، تېرىدە پەيدا بولىدىغان ھەرخىل مۇدۇرلارغا، سەپرانى پەسلىتىشكە پايدا قىلىدۇ.

ئۆرۈك

ئۆرۈك دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان دورىلىق مېۋىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى 2 - دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەندىكى قاتتىقلارنى يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىش ئورنى: ئوبدان پىشقان، تاتلىق ئۆرۈكنى مۇۋاپىق ھالدا يېسە، تەبىئەتنى (ئىچنى) يۇمشىتىدۇ. قۇرۇقىنىڭ قايىنتىلغان سۈيىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىچسە سەپرانى سۈرىدۇ، تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى، قاننى، سەپرانى پەسەيتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاچچىق - چۈچۈكنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ياخشى. ئۆرۈكنىڭ يېڭى پىشقان ھۆلىنى سەپرا خاراكتېرلىك قىزىق تەپ كېسەللىكىگە يېگۈزۈلۈپ، ئۈستىدىن قايناق سۇ، بىرئاز ھەسەل ئىچۈرۈپ قۇستۇرسا، ئاشقازان زەھەرلىك بۇزۇق خىلىتلاردىن تازىلىنىپ تەپنى يوقىتىدۇ[25].

شاپتۇل

شاپتۇل دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان دورىلىق مېۋىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى 2 - دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: تەبىئەتنى يۇمشىتىش، ئىسسىق، قۇرۇق تەپلەرنى، تەشنالىقنى، قاننىڭ، سەپرانىڭ قاينىشىنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىش ئورنى: مېڭىسى، مىجەزى قۇرۇق كىشىلەرگە مۇۋاپىق ھالدا بېرىلسە، مېڭىنى سۇۋۇتىدۇ، مىجەزنى ھۆللەشتۈرىدۇ. سەپرا ۋە قان خاراكتېرلىك تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، ئېغىز سېسىقلىقىنى يوقىتىدۇ. مىجەزى ئىسسىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئوبدان پىشقىنىنى سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ بىر كېچە قويۇلسا، دۇغى تېگىگە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ئەتىگەندە 200 گرامنى شېكەر ياكى تەرەنجىبىن، شەرخىستلەر بىلەن ئىچسە، سەپرانى ھەيدەيدۇ، كۆيگەن تېز خىلىتلارنى يوق قىلىدۇ.

ئانار

ئانار دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان دورىلىق مېۋىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، ئاۋۋالقى دەرىجىدە ھۆل، 2 - دەرىجىدە سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى: ئوزۇق بولۇش، قاننى كۆپەيتىش، ئورگانىزمنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر كېسەللىرىگە، ئىستىسقا، زىققە كېسەللىرىگە، يۈرەك، تال كېسەللىرىگە، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە، ئورۇق كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

ئارپابەدىيان

ئارپابەدىيان دىيارىمىزدا ئۆسىدىغان مۇھىم بىر خىل دورا بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى 3 - دەرىجىنىڭ

ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، ئاۋۋالقى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق، يوپۇرماق، شاخلىرى ئۇرۇقىدىن تۆۋەنرەك، يىلتىزى ھەممىسىدىن كۈچلۈك ئىسسىقراق بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى: سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، ھەيز ماڭدۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ يەنە بەزىدە سوغۇقلۇقنى ھەيدەيدۇ، سادجىقنى داۋالايدۇ، تال ھەم ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ. قۇسۇشنى توختىتىشتا، قورساق كۆپۈشنى يوقىتىشتا، سوغۇقتىن بولغان سانجىق، قورساق ئاغرىقلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بېلىق گۆشىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ[26].

جىنتىيانا

جىنتىيانا بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى بولۇپ، ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى 3 ـ دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: ئىچ توختىتىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، بەدەننى پارقىرىتىش، ئىششىق يەللەرنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىش.

يۈرەكنى زەھەرلەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلاش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، تۇغۇتنى تېزلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ يەنە بەزىدە ئاشقازاننى كۈچەيتكۈچى دورا قىلىپ، تاماق ھەزىم قىلىشى بۇزۇلغانلارغا بېرىلىدۇ. قىزىتما قايتۇرغۇچى دورا قىلىپ ئاشقازان ياللۇغى، ئۆت يولى ياللۇغى، سېرىقلىق كېسىلى، قاپاق (كۆز) نىڭ ئىچكى پەردىلىرىنىڭ ياللۇغلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئىشتىھا ئاچقۇچى ۋە بەدەننى چىڭىتقۇچى ئاچچىق ـ چۈچۈك دورىلار قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ.

كات

كات ھىندى قەدىمدىن ئۇيغۇر تېۋىپلار ھىندىستاندىن كىرگۈزۈپ ئىشلىتىدىغان بىر خىل دەرەخ يېلىمى ياكى سۈتى بولۇپ، ئۇ قەۋزىيەت، رۇتۇبەتلەرنى (ھۆللۈكلەرنى) قۇرۇتۇش ۋە توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىدىن تاشقىرى، قىزىتما پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، يارىلارنى قۇرۇتۇپ قوروش، گۆش ئۇندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىگە ئىگە. قان توختىتىشتا ۋە ئاغرىق پەسەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. قان تولغاق، سۈيدۈك يوللىرىنىڭ كېسەللىكلىرى داۋالىنىدۇ. سىرتقا ئىشلىتىلىپ تېرىدىكى تەمرەتكىنى، ئېغىز ئىچىدىكى جاراھەتلەرنى، بوۋاسىر ۋە باشقىلارنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

كات ھىندىدىن سۇنۇن تەييارلاپ چىشنىڭ تۈۋلىرىگە سۈركىسە چىشنى چىڭىتىدۇ، چىشنىڭ تۈۋىدىن كېلىدىغان ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ئېغىز ئىچىگە چىققان مونەكچىلەرنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېغىزنى چايقىسا ياكى غار ـ غار قىلسا ھەم شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېزىپ ئىسسىقتىن بولغان جاراھەتلەرگە سېپىلسا ياكى خېمىر قىلىپ چېپىلسا مەنپەئەت قىلىدۇ. قاينىتىپ ئىچسە، قورساقتىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. سېرىق كېسەل، ماخاۋ، قاننىڭ بۇزۇقلۇقى، مەنىي تۇتالماسلىق، تولا ئېھتىلام بولۇش كېسەللىكى ۋە ئۇچەيلەردىكى يىرىڭلىق جاراھەتلەر، سۈيدۈك يوللىرىدىكى جاراھەتلەر، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاقكېسەل، قىزىق تەپلەر ۋە تېرىگە چىققان مودۇر، دانىخورەكلەر ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇنى ئىچىشكە ۋە چېپىشقا بولىدۇ[27].

كەندىر

كەندىر دىيارىمىزدا كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئۆستۈرۈلگەن ھەم دورىلىقتا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تېبابىتىدە قاينىتىپ ئىچۈرۈلسە بىھوش ۋە مەست قىلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. كۆپىنچە، قوزغىلىشچان ساراڭلارغا، نېرۋىسىدىن ئاداش-

قانلارغا ۋە تۇتقاقلىق، يۆتەللەرگە، زىققە، نېرۋا ئاغرىشلارغا بېرىلىدۇ.

ئورۇقنى سوقۇپ خالتىغا ئېلىپ ئۈستىگە سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ قۇيۇپ ئەزسە، سۈتتەك ئاق شىرنىسى چىقىدۇ. بۇنىڭدىن 30 مىللىلىتىرنى مائول - ئەسەل (سۇ بىلەن ھەسەلنىڭ قايىنتىلمىسى) بىلەن ئىچۈرسە، بەدەندىكى بەلغەمنى چىقىرىدۇ. شىرنىسىنى ئۇن، بادام يېغى، سۇ، شېكەر قوشۇپ قاينىتىپ ھەرىرە (ئاتىلىغا ئوخشاش يۇمشاق تاماق)، پالۇدە (ھالۋىغا ئوخشاش تاماق) قىلىپ، مەزولىن (كېسەلدىن يېڭى قوپقان) كىشىلەرگە، سوغۇق مىزاجلارغا بەرسە سەمرىتىدۇ[10].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قوسقوي ئۆز ئەسىرىدە نەچچە يۈز خىلدىن ئارتۇق ئۈسۈملۈك دورىلاردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

قوسقوي يەنە ھايۋانى دورىلاردىن دىيارىمىزدا ۋە ئىچكىرىدە ياشايدىغان نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ گۆشى، قېنى، تېرىسى، سۆڭىكى ھەمدە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولىدىن تولۇق پايدىلانغان. مەسىلەن، قوي دىيارىمىزدا زور تۈركۈمدە بېقىلىدىغان ھايۋان بولۇپ، گۆشى ۋە شورپىسى تەبىئىتى قۇرۇق، زور دەرىجىدە ئىسسىق، زەھەرسىز، بەدەننى سەمرىتىدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىدۇ، ئاجىزلىقلارنى داۋالايدۇ. باشتىكى يەلدىن بولغان ئاجىزلىقلارنى، كۆپ تەرلەشنى يوقىتىدۇ. باھنى كۈچەيتىدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ، يۈرەكنى تىنچلاندۇرىدۇ، تۇغۇتتىن كېيىنكى بەدەن ئاجىزلىقىغا، كېسەلدىن كېيىنكى ماغدۇرسىزلىقلارغا ئەڭ ئەلا دورا ھېسابلىنىدۇ. قوينىڭ يۈرىكى، جىگىرى، ئۆپكىسى، قېنى، ھەمراھى، يېغى، يىلىكى، ئۆتى، مېڭىسى، سۈتى قاتارلىقلار باشقا نۇرغۇن كېسەللەرگە دورا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

كالا گۆشى

كالىنىڭ گۆشى، تېرىسى، يىلىكى، قېنى، سۆڭىكى ۋە ئىچكى ئەزالىرى دورىلىقتا ئىشلىتىلىپلا قالماي، كالا سۈتى ئەڭ ئەلا دورا ھېسابلىنىدۇ.

كالا سۈتى

كالا سۈتىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل، ئازراق سوغۇق، زەھەرسىز.

ئوزۇقلاندۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئاجىزلاپ كەتكەن، ئوزۇقلىنىشى بۇزۇلغان، قىزىتمىلىق كېسەللەر بىلەن ئاغرىغانلارغا سامساق بىلەن قاينىتىپ ئىچۈرۈلىدۇ. زەنجىۋىل، پىياز قوشۇپ قاينىتىپ ئىچۈرۈلسە، بالىلارنىڭ سۈتنى قۇسۇشلىرىنى داۋالايدۇ، ئاجىزلىقنى تۈگىتىدۇ. سۈت يۈرەككە، ئۆپكىگە پايدا قىلىدۇ. قىزىتما زەھەرلىرىنى يېشىلدۈرىدۇ، تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. چوڭ ئۈچەينى نەملەندۈرۈپ، ئىچنى بوشىتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كالا سۈتى ئىچنى يۇمشىتىش، بەدەننى پارقىرىتىش ۋە بەدەنگە مول ئوزۇق بولۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە، دەپ قارىلىدۇ.

ئات گۆشى

ئات گۆشى 2 - دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۇ غەيرەتلىك قىلىش، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى يوقىتىش، سوغۇق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن باھنى قۇۋۋەتلەش، مۇپاسىل، لەقۋا، ئەزا تىترەش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاندىن باشقا، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى يوقىتىش، پەيىنى چىڭىتىش، بەل - تىزنى ماغدۇرلاندۇرۇش، بەدەننى كۈچەيتىش، ئەرلىكنى كۈچەيتىش رولىغىمۇ ئىگە، دەپ قارىلىدۇ.

بۇغا گۆشى

بۇغا گۆشى قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ ئۆتكۈ-

نى توختىتىش، ھەرخىل ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار.

بۇغا مۈڭگۈزىنى بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا سۈپىتىدە بەدىنى ئاجىزلارغا، نېرۋىسى ئاجىزلارغا، يىرىڭلىق جاراھەتلىرى بارلارغا ئىشلىتىلىدۇ. جىنسىي بەزلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نېرۋىسى ئاجىزلىغان، مەنىي ئېقىپ تۇرىدىغان، ئەرلىك قابىلىيىتى تۆۋەنلەشكەنلەرگە بېرىلىدۇ. پانتوكرىن ئوكۇل قىلىنسا، روھىي بىسەرەمجانلىق، يۈرەك چارچاش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى تېزلىكتە داۋالىغىلى بولىدۇ.

ئېيىق

ئېيىق ئۇيغۇر تېبابىتىدە مۇھىم ھايۋانى دورا بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى 1 ـ ھۆل ئىسسىق، لېكىن ھۆللۈك تەرىپى كۆپرەك. گۆشى شىلىمشىق كېلىدۇ.

خۇسۇسىيىتى: توسالغۇلارنى ئېچىش، كونا چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىش، قېتىپ قالغان پەيلەرنى يۇمشىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئەگە.

2. ئېيىق يېغى: تەبىئىتى قۇرۇق، ئازراق سوغۇق، زەھەرسىز.

پەي تارتىشىپ قېلىش، قورساقتا مونەك ھاسىل بولۇش، سوغۇقتىن ھاسىل بولغان ئورۇقلاش، باش ئاغرىقى، چاچ چۈشۈش، يۈزگە داغ چۈشۈش ھادىسىلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزاق ئىستېمال قىلىسا غەيرەتلىك قىلىدۇ، بەدەننى چىڭىتىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. كۆپ يېسە قۇستۇرىدۇ. سىرتتىن مايلىسا، چاچنى ئۆستۈرىدۇ، قارايتىدۇ، يۈزنى پارقىرىتىدۇ، ھاراق بىلەن ئىچۈرۈلسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئېيىق ئۆتى: تەبىئىتى سوغۇق.

تەركىبى گلىكو ـ ئۇرزودېزوكسىخولىك ئاتسىد، تاۋرىن ۋە باشقا ماددىلارنى تۇتىدۇ. ھارارەتنى پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ھاشارات ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بار. قىزارغان، گۆش ئۈنگەن كۆز كېسەللىكىنى، سېرىقكېسەل، ئىسسىقتىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەل، بالىلارنىڭ تۇتقاقلىق ئاغرىقىنى، يامان جاراھەت ۋە كودۇمبا جاراھەتلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ[29].

4. ئېيىق سۆڭىكى: قاينىتىپ سۈيىدە ۋاننا قىلىپ بوغۇم ئاغرىقلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

5. ئېيىق ئالىقىنى: ھاراق، سىركە، سۇ بىلەن قاينىتىپ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى داۋالاشقا، ماغدۇرلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

6. ئېيىق قېنى: بالىلارنىڭ دۆلىنىپ كېتىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۆي كەپتىرى

گۆشى تۇزلۇق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

مەنىينى كۆپەيتىدۇ، قۇۋۋەتنى تولۇقلايدۇ. ھەرخىل دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

تۇرۇلغا

گۆشى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

ئىچكى ئەزالارنى تىنچلاندۇرىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. غەلۋىرەك ئىششىقنى ساقايتىدۇ، يىرىڭلىق قاننى ھەيدەيدۇ.

دوغداق

گۆشى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. گۆشى قاتتىق بولسىمۇ، تەمى ئېسىل.

**ئاق قۇ**

ئاق قۇنىڭ گۆشى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىق، زەھەرسىز.

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاق قۇنىڭ ئۇچ - تۆت خىلى بار. ئالتۇن باشلىق ئاق قۇ ئەڭ ئېسىلى. ئۇنىڭدىن قالسا كىچىك ئالتۇن باشلىق ئاق قۇ، ئۇلاردىن باشقا، گۈللۈك ئاق قۇ دېگەن تۇرلىرى بار. يەنە بىر خىل ئاق قۇ سايرىيالمايدۇ، ئۇچقاندا قانات - پەيلىرىدىن چىققان ئاۋاز كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گۆشىنىڭ پۇرىقى بار، ھەممىسى ئالتۇن باشلىق ئاق قۇغا يەتمەيدۇ.

**زاغچە (ئالا قاغا)**

گۆشى تۇزلۇق، چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

زىيادە ئورۇقلۇقنى داۋالايدۇ. يۆتەل، ئۇستىخان قىزىشنى توختىتىدۇ، ماغدۇرسىزلارغا ياقىدۇ.

**بۆدۈنە**

گۆشى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، مۆتىدىل، زەھەرسىز.

ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، پەي، سۆڭەكنى چىقىتىدۇ. سوغۇق - ئىسسىققا چىداشلىق قىلىدۇ. يىغىلغان ئىسسىقنى تارقىتىدۇ. سېرىق ماي بىلەن قورۇپ يېسە، بۆرەك، دوۋسۇنغا مەنپەئەت قىلىدۇ. تۆت ئايلىق بولمىغان بۆدۈنىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ[30].

**قۇشقاچ**

گۆشى تاتلىق، زەھەرسىز.

تەبىئىتى ئىسسىق، باھنى قۇۋۋەتلەپ پەرزەنتلىك قىلىدۇ، قىش پەسلىدىكىسى ياخشى.

**ياۋا غاز**

گۆشىنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

زۇكامدىن بولغان مۇسكۇللار كىرىشىپ ئاغرىشنى، يارتا پالەچنى داۋالايدۇ. پەي، سۆڭەكنى چىقىتىدۇ، ھارغىنلىقنى ئۇڭشايدۇ. ياۋا غازنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى گۈرۈچ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، باشنى يۇسا چاچ ئۆسىدۇ.

ياۋا غاز مەلھىمى گاسلىقنى ساقايتىدۇ، چاچنى ئۆستۈرىدۇ.

ياۋا غاز مېيى ماغدۇرسىزلىقنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەمرىتىدۇ، ئاقارتىدۇ.

**ياۋا قوڭغارچا (مولۇن)**

گۆشى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

چاشقان يارىسى، يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، باش سۆڭىكى ئەڭ ياخشى.

**ئاغمخان**

گۆشى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز.

گۆشىنى جىق يېسە، يارا چىقىدۇ.

**مايمۇن**

گۆشى چۈچۈمەل، زەھەرسىز.

شامالداش، چارچاشلارغا شىپا بولىدۇ. ھاراق ئېچىتسا ياخشى بولىدۇ[31].

قوسقوي ھايۋانى دورىلاردىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندىن باشقا، يەنە جەرەن، ئۆچكە، قوچقار، ياۋا ئات، پىل، تۆگە، ئېشەك، ياۋا ئېشەك، قانداغاي، بۆكەن (ئاققۇيرۇق)، ئىت، چوشقا، ياۋا چوش-

قا، دەريا دېلفىنى، قاما (سۆسەر)، يولۋاس، يىلپىز، ئىلىك، تىتىجاك بۆغىسى، ئىپار بۆغا، تۈلكە، كەركىدان، بۆرە، توشقان، سۇغۇر، بورسۇق، ياۋا قوڭغارچا (مولۇن)، ئاغمىخان، مايمۇن قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلغان ھەمدە ئۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى، قېنى، تېرىسى، سۆڭىكى، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ساقلىق ساقلاش، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىشتىكى خۇسۇسىيەت، رولىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

دورىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچار قاناتلاردىن ئاق قۇ، غاز، ياۋا غاز، لەيلەك قۇش، يېكەن توخۇسى، توخۇ، قىرغاۋۇل، تاغ توخۇسى، ئۆردەك، سوقسۇر، سۆسۈن سوقسۇر، تاغ كەپتىرى، ئۆي كەپتىرى، تورۇلغا، دوغداق، زاغچە (ئالا قاغا)، بۆدۇنە، قۇشقاچ، سىبىرىيە قۇشقىچى قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى، تەسىرى، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى ناھايىتى مۇپەسسەل تونۇشتۇرغان.

دورىلىققا ئىشلىتىلىدىغان بېلىقلاردىن سازاڭبېلىق، تاپانبېلىق، قارا لېش بېلىقى، ئاق بېلىق، سېرىق گوربېل بېلىقى، كۆك بېلىق، ئامۇرسۇم بېلىقى، قاسراقسىز كۇمۇش رەڭ بېلىق، يىلانبېلىق، سەدەپ بېلىقى، فۇگۇ بېلىقى، سېرىق كرۇئاكېرس بېلىقى، كالوگا بېلىقى، جۇڭخۇا ئۇستېر بېلىقى، دېڭىز چوڭ تاشپاقىسى، قىسقۇچپاقا، راك، ماكترا قۇلۇلىسى، كىرپىسىمان قۇلۇلە، سەدەپ قۇلۇلىسى، ئوكۇن بېلىقى قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپا بولىدىغان كېسەللىكلىرى، تەسىرى، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىمۇ ناھايىتى مۇپەسسەل تونۇشتۇرغان.

قوسقوي تېبابەتتە دورىلىققا ئىشلىتىلىدىغان مېۋە ـ چېۋىلەردىن شاپتۇل، نەشپۈت، ھالۋۇبدىت، بېھى، قارىئۆرۈك، ئالۇچا، ئالما، نەي (ئالمىنىڭ بىر تۈرى)، ئانار، قۇمئالما، ئۆرۈك، تاتلىق ئاپېلسىن، ماندارىن، ئاپېلسىن، كاشتان، چىلان، گىلاس، ئۈزۈم، ياڭاق، قارىغاي ئۇرۇقى، نىلۇپەر، سۇ لەيلىسى، سۇ ياڭىقى، لويلا (لىجى)، لونگان، كۇمۇشئۆرۈك، زەيتۇن، قوي بۆلدۈرگىنى، ئورمان ياڭىقى، توررېيى ئۇرۇقى، قوغۇن، قۇمشېكەر، تاۋۇز، چىلان، سوقا چىلان، تاشئالما، لىمان دەرىخى مېۋىسى، ئالۇچا مېۋىسى، ئاق ئالما، بادام مېغىزى، پىستە قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى، تەسىرى ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان.

قوسقوي تېبابەتتە دورىلىققا ئىشلىتىلىدىغان كۆكتاتلاردىن گۈلخەيرى، چامغۇر، ئاشكۆكى، قىچا، پىياز، غولپىياز، سامساق، كۇدە، كاۋا، تەكىيە كاۋا، شېكەر كاۋىسى، تەرخەمەك، تۇرۇپ، سەۋزە، ياۋا بوز تىكەن، تەرخەمەك كاۋا، سەي كاۋىسى، قاپاق، ئېشەكمەدىكى (موگۇ)، كىچىك موگۇ، ساڭراۋ قۇلاق (مور ياكى ياغاچ زەمبۇرۇغى)، بامبۇك نوتىسى، يېكەن نوتىسى، نىلۇپەر غولى، پىچەكگۈل (تاغنىڭ تاتلىق بەرەڭگىسى)، تارو، ئوسۇڭ، يېسسىۋېلەك، ئەركەك ئەمەن (قامغاق)، پېدىگەن، قىزىلبۇغداش (قىزىل بەجەش)، فەردەك، پالەك، كۆكتات قىزىلچىسى، پۇراقلىق كۆكتات، سۇ قامچىئوتى ئۇرۇقى (سۇ مۇچى)، سېمىز ئوت، تاتلىق ئېشەكمەدىكى، باش پىياز، ماننا ئۇرۇقى (سۇ رەيھىنى)، قارىياغاچ ئۇرۇقى، ساچمو (چامغۇر)، قىزىلچا، قىزىل گۈلسامساق يىلتىزى، دېڭىز سېيى، سارچى (پاپۇروتنىك)، ياۋا ئاشپۇرچاق، چار ئوت (ئېتىز تىكىنى)، تىزناپ (سۇ سەۋزىسى) قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى، تەسىرى ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان.

قوسقوي غىزايى تائاملارغا ئىشلىتىلىدىغان ۋە تەم تەڭشەيدىغان دورىلىق خۇرۇچلاردىن قارىمۇچ، كاۋاۋچىن، خولىنجان، ئارپابەديان، قاراكۆز بەديان، ئاپېلسىن پوستى، قاقىلە، دارچىن، زەرچىۋە، پىلپىل، تۈكلۈك قاقىلە، ھىندىستان پىلپىلى، چۇچۇكبۇيا، ئاشكۆكى ئۇرۇقى، قۇرۇق زەنجىۋىل، خام

زەنجىۋىل، شازاندىر، شۇمشا، قىزىل زەمبۇرۇغ، قارا كۈنجۈت، مەستىكى، زەپەر، ھەلىگ يىلىمى، ھەلىگ يىلتىزى، ئازدان، شاتارى، ئۈزۈن پۆپۈكلۈك يېكەن قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، شىپا بولىدىغان كېسەللەر، تەسىرى ۋە ئۇلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىنى تېبابەتچىلىك قائىدىسى بويىچە تونۇشتۇرغان.

قوسقوي تېبابەتتە پايدىلىنىدىغان شىپالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە زىرائەتلەردىن قىسقا غوللۇق شال (گۈرۈچ)، شال، تېرىق، يېشىل سۆك، ئاق سۆلە، سېرىق سۆك، تېرىقسىمان گۈرۈچ، قىزىل تېرىق، داندان تېرىق، خېشى گۈرۈچى، يېشىل ماش، ئاق پۇرچاق، كاللا ماش، قىزىل پۇرچاق، نوقۇت، قىزىل ماش، كۆك پۇرچاق، يېسسى پۇرچاق، بۇغداي، ئارپا، قارا بۇغداي، ئاق كۈنجۈت، زىغىر، قەنتلەر، ھەسەل، ئېچىتقۇ، سىركە - ئاچچىقسۇ، قىيام، ئېچىتىلغان پۇرچاق، تۇز قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى، ئۇلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قائىدىسى بويىچە تونۇشتۇرغان.

تېبابەتتە پايدىلىنىدىغان ھاراق - شارابلاردىن يولۋاس سۆڭىكى ھارىقى، ئالقات ھارىقى، ئەگىرسۈناي ھارىقى، قارىغاي يېلىمى ھارىقى، پالما مەرزى ھارىقى، قارىغاي يىلتىزى ھارىقى، قوي قوزىسى ھارىقى، ۋۆجياچى ھارىقى، قايماق ھارىقى، بۇغا مۈڭگۈزى ھارىقى، تيولىن ھارىقى، تېرىق ھارىقى، ئۈزۈم ھارىقى، ئاراق، سۇرما ھارىقى، بۇغداي ھارىقى، قوشاق ھارىقى، گۈرۈچ ھارىقى قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، تەسىرى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى ۋە ھاراقلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تېبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ بايان قىلغان.

«شىپالىق تائاملار دەستۇرى» — قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، يەنى قوسقوي «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» دا بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، يېمەك - ئىچمەك (ئوزۇقلۇق) ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ۋە كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ھازىرقى زامان تېبابەتچىلىكى بارلىققا كېلىشتىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئەمەلىيەت ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن بىر خىل مىللىي داۋالاش شەكلى بولۇپ كەلگەندى.

مەلۇمكى، خىمىيەۋى تەركىبلىك دورىلار كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن يېمەك - ئىچمەك تەركىبىگە كىرىدىغان ئوزۇقلۇق ماتېرىياللارنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كېسەل داۋالاش مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈپ ئاساس بولغانىدى. بولۇپمۇ 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەلىماتلار سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوزۇقلۇقنىڭ شىپالىق رولى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل، سىستېمىلىق نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە، يەنى تۆت چوڭ ماددا (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) نەزەرىيەسى، مىزاج (مۆتىدىل مىزاج — ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق ۋە غەيرىي مۆتىدىل — قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق) نەزەرىيەسى، تۆت خىلىت (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) نەزەرىيەسى، ئەزالار نەزەرىيەسى، قۇۋۋەت نەزەرىيەسى، داۋالاش قائىدە - پىرىنسىپلىرى، غىزالىنىشنىڭ كېسەللىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئوزۇقلۇق ۋە ياسالما دورا نۇسخىلىرى ئىلمى ھەققىدە بىر يۈرۈش تەلىماتلىرى بار. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكنىڭ مەنبەسى مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۆت خىلىتنىڭ زىددىيىتى دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مىزاجنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا يېمەك - ئىچمەكنىڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

غىزا بىلەن داۋالاش ـــ كېسەل كىشىنى ئوزۇقلۇقلار بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە بەزى ئوزۇقلۇقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇشقا قارىتىلغان. ئۇ، كېسەل كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش تەرتىپلىرىنى بېكىتىش، يېمەك ـ ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرھىز بۇيرۇش ئارقىلىق كېسەللىكنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەرخىل شىپالىق يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەرنى بۇيرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، نورمال خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىش، كېسەلنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كېسەل كىشىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قېلىش ۋە ھەرخىل تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كېسەلگە مۇۋاپىق غىزالار ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

1. غىزايى مۇتلەق (ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر.)

2. داۋايى غىزا (ئالدى بىلەن داۋالىق رولىنى ئويناپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق يېمەكلىكلەر.)

3. غىزايى داۋا (ئوزۇقلۇق ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر.) ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر قاتارىغا ئادەتتە ئادەم بەدىنىگە قۇۋۋەت بولىدىغان ھەرخىل يېمەك ـ ئىچمەكلەر كىرىدۇ[12].

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى دورىگەرلىك ئىلمى قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەملەرگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلار ئۈچ تۈرلۈك مەنبەدىن كېلىدۇ. بىرىنچى، ھايۋانلاردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، گۆش، ياغ، تۇخۇم، سۈت قاتارلىقلار. ئىككىنچى، ئۆسۈملۈكلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، مايلىق دان، ئۈزۈم، ياڭاق، ھەرخىل پۇرچاق، مېۋە، كۆكتاتلار. ئۈچىنچى، كان ـ مەدەنلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، ھەرخىل تۇزلار، شاخارلار، ھاك، فوسفور قاتارلىقلار. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بەدەنگە كىرسە ھەم ئۆزلەشسە، بەدەننى نورمال ھاياتىي پائالىيەتلەر داۋامىدا زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماددىلار بەدەندە گۆش پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەۋادى مۇلەھەممە)، ياغ پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەۋادى شەھمىيە)، شېكەر ۋە نىشاستە پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەۋادى سەكرىيە)، تۇز ۋە مەدەن ماددىلار (مەۋادى ئەرزىيە ۋە نەمەكىياتلار)، سۇلار دەپ بەش تارماققا بۆلۈنىدۇ. مانا شۇ مەنبەلەردىن كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ بەدەندە مۇۋاپىق مىقداردا بولۇشى ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرسى دەپ قارىلىدۇ.

قوسقۇينىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»دىكى داۋايى غىزالار، يەنى ھەرخىل پايدىلىق گۆشلەر ۋە كۆكتات ـ خۇرۇچلاردىن تەييارلىنىدىغان شورپىلار، ئۈگرىلەر، جۇۋاۋىلار، چۆچۈرىلەر، نان ـ توقاچلار، مانتىلار، قورۇمىلار، تالقانلار، ئۇيۇتمىلار، چۆپلەر، ئوماچلار، بوتقىلار، كومولاچلار، مەلھەملەر، كاۋاپلار، مەي ـ شارابلار، چايلار، يەنە ھەرخىل زىرائەتلەر، ھايۋاناتلار، ئۈچار قاناتلار، سۇ ھايۋانلىرى ـــ بېلىقلار، ئۆي قۇشلىرى، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە باشقىلارنى خام ئەشيا قىلىپ تەييارلىنىدىغان نەچچە يۈز خىل يېمەك ـ ئىچمەكلەر دەل مانا شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىبابىتى قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىگە قىبلىنىما قىلىنغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

قوسقۇي گەرچە موڭغۇل ئوردىسىدا ياشاپ، موڭغۇل خان ـ پادىشاھلىرى، خان جەمەتلىرى، ئوردا ـ قەسىر ئەمەلدارلىرىنىڭ سالامەتلىكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، تەنلىرىنىڭ كېسەلدىن خالىي ياشاشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغاچقا، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تېبا-

بەتچىلىك - دورىگەرلىككە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنى بېيىتقان ۋە يەرلىك كىشىلەرگە تارقاتقانىدى. قوسقوي ئوردىدا ئوردا داستىخان بېگى ھەم ئوردا تائاملىرىنى تەييارلاشقا مەسئۇل ئۇستاز بولۇپ ئىشلەۋاتقان دەۋردە، پايتەخت خانبالىقتا «ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى» («回回药物院») بار ئىدى، بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر دورىگەر ئۇستازلار ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش، دورا يىغىش، دورا ياساش، ئوردىنى دورا - دەرمەكلەر بىلەن تەمىنلەش، ھەتتا كېسەل داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى[33]. قوسقوي مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ئۇيغۇر تېبابىتىنى بەجانىدىل، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»دا ناھايىتى ئېنىق، ئەينەن ئەكس ئەتكەن.

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، قوسقوي ئۆزىنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»نىڭ بىرىنچى بابى بولغان «كۈتۈنۈش ۋە پەرھىز» قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلارنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى كېسەل داۋالاشتا رىئايە قىلىدىغان شەرتلەر ھەم پەرھىزلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتكەن.

قەدىمكى ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە غىزا بىلەن (مەيلى داۋايى غىزا بولسۇن ياكى غىزايى داۋا بولسۇن) كېسەل داۋالاشتا، ئۆزگە خاس رىئايە قىلىدىغان پەرھىز ۋە شەرتلەر بولغان، مەسىلەن:

1. كېسەللەرگە پەرھىز بۇيرۇش، توغرا ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

2. كېسەلنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشقا ئامال قىلىش لازىم. كېسەلنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قېلىشىدا گەرچە كېسەللىك ئاساسىي سەۋەب بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ. يەنى، تاماقنىڭ كۆرۈنۈشى، رەڭگى، تۈرى، پۇرىقى، تەمى، تازىلىقى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەرمۇ ئىشتىھاغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. كېسەلگە تاماقنى پات - پات، ئاز مىقداردا بېرىش پايدىلىق، كېسەلنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقى ياخشى ئالامەت، ئەمما ئۇنى يالغان ئىشتىھادىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

4. تاماقلىنىش ئالدىدا كېسەلنىڭ قوللىرىنى يۇيۇش، ئىلمان سۇ بىلەن ئېغىزىنى چايقىتىش، تاماقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىشتىھا ئېچىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، باشقا جەھەتلەرگىمۇ پايدىسى كۆپ.

5. قەۋزىيەت كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا، كەچلىك ئۇخلاش ۋاقتىدا كۈچلۈك غىزانى كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق، تاماق ئارىلىقلىرىدا، بولۇپمۇ كەچتە ھۆل مېۋە يېيىش چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش، ئىشتىھا ئېچىش، بەدەننى كېرەكلىك ماددىلار بىلەن تەمىنلەشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

6. تاماقنى ياخشى پىشۇرۇپ يېيىش، كۆڭلى تارتمىغان تاماقنى زورلاپ يېمەسلىك لازىم[34].

قوسقوي كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدا تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغان پەرھىز ۋە پرىنسىپلار ئاساسەن يۇقىرىقىلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قوسقوي مۇنداق يازغان «تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىسسىق - سوغۇق ۋە مەنپىي - مۇسپىيلىكنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنى مۇۋاپىق كۈتۈش، روھىي كەيپىياتنى مۇۋاپىق تەڭشەش، يېمەك - ئىچمەك، كۈندىلىك تۇرمۇشنى قانۇنىيەتلىك ئۆتكۈزۈش ۋە مۇۋاپىق چېنىقىش، زىيادە چارچىماسلىق تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھاياتلىق كۈچىنى ساقلاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش»[35]. دېمەك، قوسقوينىڭ كۈتۈنۈش ۋە پەرھىز ھەققىدىكى قارىشى قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىردەكلىككە ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق مىزاج تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. يۇقىرىقىلار ھازىرقى زامان ئوزۇقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەنمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، بۇنى ھازىرمۇ ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

①② ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» («شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرى») ناملىق كىتابىنىڭ 185 ــ 189 ـ بەتلىرىدىكى قوسقوي تونۇشتۇرۇلغان ماقالىسىگە قاراڭ.

③④ قوسقوي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» (مەريەم ساقىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 2006 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى)، كىرىش سۆز قىسمى، 3 ـ، 4 ـ ۋە 11 ـ، 21 ـ بەتلەر.

⑤⑥⑦⑧⑨ قوسقوي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»، ئۇيغۇرچە 2 ـ، 3 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 10 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

⑩⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 21 ـ، 23 ـ، 26 ـ، 29 ـ بەتلەر.

⑫ تۇتماچ ــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىرىنچى توم 590 ـ، 591 ـ بەتلىرىدە تۇتماچ ھەققىدە مۇھىم بايانلار خاتىرىلەنگەن. ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تائامى تۇتماچ ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

⑰⑱⑲⑳ قوسقوي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»، ئۇيغۇرچە، 41 ـ، 43 ـ، 46 ـ، 49 ـ، 52 ـ، 60 ـ، 61 ـ، 62 ـ، 70 ـ، 71 ـ، 74 ـ، 76 ـ، 77 ـ، 78 ـ بەتلەر.

㉑㉒㉓㉔㉕㉖㉗㉘㉙ قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسى «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 292 ـ، 295 ـ، 121 ـ، 123 ـ، 97 ـ، 98 ـ، 475 ـ، 476 ـ، 18 ـ، 347 ـ، 348 ـ، 387 ـ، 394 ـ، 395 ـ بەتلەر.

㉙㉚㉛ قوسقوي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»، ئۇيغۇرچە، 208 ـ، 214 ـ، 194 ـ، 195 ـ، 186 ـ بەتلەر.

㉜㉞ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 1989 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 207 ـ، 208 ـ، 214 ـ، 213 ـ بەتلەر.

㉝ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «خۇي خۇي رېتسېپلىرى، ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم» («شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

㉟ قوسقوي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ بەت.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)

گۈلجەننەت ئاتاۋۇللا

# توخسۇن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ «ھەجنامە» داستانى ھەققىدە

شائىر ۋە تارىخچى، خەتتات، مائارىپچى توخسۇن ھاجىم 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكو يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، «ھەجنامە» ناملىق داستان ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك يىرىك ئەسىرى. بۇ ئەسەر شائىرنىڭ ھەج سەپىرىگە بېرىش، ھەج قىلىش ۋە قايتىش يولىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى، يول ئۈستىدىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. شائىر يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللار ۋە ھايات ياشاۋاتقان ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇن تەمىنلىگەن قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر ھىجرىيە 1276 ـ يىلى (مىلادىيە 1859 ـ يىلى)چىرا ناھىيە دامكو يېزىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھازىرقى كونا دامكودا تۇغۇلغان. ئالاقىدار شەخسلەرنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، توخسۇن ھاجىم بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ھازىرقى دامكو يېزىسىنىڭ پارچە كەنت دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزگەن. شۇ مەزگىللەردە مەتنىياز ھاجىئاخۇنلۇقۇم دېگەن كىشى بۇ جايدا مەدرىسە ئاچقان بولۇپ، توخسۇن ھاجىم ئەڭ دەسلەپكى تالىپلاردىن بولۇپ قالغان. مەدرىسەدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، نەۋايى، ھۇۋەيدا، سوپى ئاللايار، خوجا ھافىز شىرازىي، شەيخ سەئدىي، ئەھمەد يەسسەۋىي قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان.

توخسۇن ھاجىم ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن چوقۇباش كەڭتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان ۋە بۇ يەردىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، قوشنا جايلاردىكى بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان مەدرىسەلەردە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەلىم ئېلىپ، دىن، تارىخ، خەتتاتلىق، ئەخلاقشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. كىچىكىدىنلا جاپالىق تۇرمۇش بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىدە تىز پۈكمەس ئىرادە ۋە قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ چىققان توخسۇن ھاجىم ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات ھالەتتىمۇ، بىلىم ئېلىش ئىستىكىدىن يانماي، ئۆز ۋۇجۇدىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن خەتتاتلىق، نەققاشلىق قاتارلىق ئىقتىدارلىرىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش چىقىمىنى قامدىغان.

شىمالىي دامكونىڭ قۇملىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئاھالىلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چوقۇباش كەنتىدە قايناق ھاياتلىق ھۆكۈم سۈرگەن. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى، يۇرتنىڭ ئاۋاتلىشىشى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان توخسۇن ھاجىم بۇ يۇرتنىڭ ئىلىم تارقىتىدىغان بىر مەدرىسەگە ئىنتايىن موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان بۇ

يۇرتتا ئۆز ئالدىغا مەدرىسە ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىغان. شۇ تەرىقىدە ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىر- غىچە ئىلىم تارقىتىشنى توختاتمىغان. بىلگۈچىلەرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئون نەچچە پەرزەن- تىنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدە ئالىي ئوقۇش مەلۇماتىغا ئىگە بولۇپ، يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا يۇقىرى ئاب- رۇي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

ئىنجىل قەلەم بىلەن قەغەزنى، سىياھ بىلەن دۇۋەتنى دوست تۇتۇپ، خالىس ۋە پاك ياشىغان توخسۇن ھاجىمنىڭ يۈرىكىدە ئۇزاقتىن بۇيان ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى، ئاللانىڭ ئۆيى ھېسابلانغان مەككىنى زىيارەت قىلىپ دىنىي پەرزنى ئادا قىلىش بىلەن بىللە، سىرتقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىستىكى يېنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن. 70 ياشقا كەلگەندە ئاندىن بۇ تىلىكى ئىجابەت بولغان. بۇ ھەقتە شائىر «ھەجنامە»دە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ ھالەتتە قولدا دۇنيا قالمىغاندا،
قېرىپ ئەمدى تىزدا قۇۋۋەت قالمىغاندا،
نېسىپ بولدى تەندە ماغدۇر قالمىغاندا،
ئاجىز قۇلغا قىلدىڭ مەدەت، يا بەيتۇللا.

تۇغۇلمىشمەن بىر ئانادىن يالغۇز يەككە،
پەرزەنت ئاتا قىلدى خۇدا بىستە يەككە،
ئاخىر ۋاقتتا نېسىپ بولدى ئەزىز مەككە،
نېچۇك شۈكۈر قىلاي ئەمدى، يا بەيتۇللا.

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 1926 ـ يىلى توخسۇن ھاجىم ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغاندىن كېيىن، يول بويى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى، ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك داستانى «ھەجنامە»نى يېزىپ چىققان.

توخسۇن ھاجىم بىر ئۆمۈر ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئۆز يۇرتىدا مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن ئۆت- كەن، مۇدەررىسلىك قىلغان ۋاقىتلىرىدا بىر تەرەپتىن، دەرس ئۆتۈپ، تالىپ تەربىيەلەپ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ھەجنامە»، «سۇلتانۇل ـ ئارىفىن»، «زىيدىن ـ ئەنسارى»، «كاسىپلار رىسالىسى»، «مۇھەممىماتۇل ـ مۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم ئىشلار)، بىرقىسىم مەشھۇر مازارلارنىڭ تەز- كىرىلىرى «سۇلتانۇل ـ ئارىفىن»نىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا باغلانغان ھېكايە ـ چۆچەكلەردىن ئون نەچچىنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «مىر غىياسىدىن» قا- تارلىق ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ئىلىم تارقىتىش يولىدا ئەڭ يۇقىرى ئىرىشچانلىقنى كۆرسەت- كەن. توخسۇن ھاجىم يەنە ئۆز زامانىسىدا خەتتاتلىق، نەققاشلىق، رەسساملىقنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىـ- ۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ۋە ھازىرغىچە ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇ كۆچۈرگەن قول يازمىسىنىڭ بار- لىققا كېلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بۇ نۇقتىنى بىزگە ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1927 ـ يىلى توخسۇن ھاجىم ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇر-

ئان كەرىم»نى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆز بېغىدىن ئىككى مو يەرنى مەخسۇس ئاجرىتىپ تام سېلىپ قورشاپ چىققاندىن كېيىن، تۇپراقنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېقىن سۇ باشلاپ لاي چۆشۈرگەن، قاراقاشتىن ھاپىز ئاخۇن قەغەزچى دېگەن كىشىنى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىپ قەغەز ياسىتىپ، مەخسۇس ياسالغان، يەنى شىلىمدا پاتلاپ، قاشتاش ئارقىلىق سۈركەپ سىلىقلاشتۇرۇلغان كەڭلىكى 57 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 75 سانتىمېتىرلىق خوتەن قەغىزىگە قارائۇجمە، قارا خەت (ئاق تىكەننىڭ مېۋىسى) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈيى قارا مېۋىلەرنى خام ئەشيا قىلغان قارا رەڭلىك سىياھ ۋە قومۇش قەلەم بىلەن ھەر بىر پارىنى 13 ۋاراق (26 بەت)، بىر بەتكە 13 قۇر قىلىپ يېزىپ چىققان ۋە بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستى، چۆرىسى، ئايەتلەرنىڭ بېشى، پارىلەرنىڭ بېشىغا ئىشلەنگەن نەقىشلەرنىمۇ ئۆز قولى بىلەن ئىنچىكە سىزىپ چىققان بولۇپ، دادىسىنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ قەدرىنى بىلگەن ۋە شائىرنىڭ ئىلىمگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئىشتىياقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئوغۇللىرىدىن ئابدۇقادىر توخسۇن قاتارلىقلار بۇ كىتابلارنى تارىخنىڭ قوم ـ بورانلىرىغا كۆمۈۋەتمەي، بالايىئاپەتلىك يىللاردىمۇ قەدىرلەپ قوغداپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەزىزلەپ ساقلاپ كەلمەكتە. شائىرنىڭ بۇ مېھنىتىنى كۆرگەن كىشى شائىرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، ئىستېداتى ۋە چېۋەرلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، گۈللۈك نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن «لەيلى ـ مەجنۇن» ناملىق ئەسەر شائىرنىڭ بىردىنبىر ھايات ياشاۋاتقان پەرزەنتى ئابدۇقادىر توخسۇننىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. شائىر ئۆزى ياسىغان بىر يەلپۈگۈچكە مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىرنى ھۆسنخەتلەپ پۈتۈپ چىققان:

ئەرزى ھالىمغا يېتەركى ھېچ كىمەرسە مەندە يوق،
ئىشقى دەردىمنى ئۆلەشكەي يارى ھەمدەم مەندە يوق.

بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ يالغۇز پەرزەنت ئىكەنلىكى، دەردىگە دەرمان بولغۇدەك، غەم ـ قايغۇلىرىغا ئورتاق بولغۇدەك ھېچقانداق قېرىندىشى يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

پۈتۈن ئۆمرىنى ئىجاد ـ مېھنەت ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ھۆرمەتلىك شائىر مىلادىيە 1942 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن دامكۇ يېزىسىنىڭ چوقۇرباش كەنتىدە 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئۆز يۇرتىدىكى لەڭگەر زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، قەبرىسى ھازىرمۇ ئەسلىي ئورنىدا.

شائىرنىڭ «ھەجنامە» ناملىق بۇ چوڭ تىپتىكى شېئىرىي داستانى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ھەج سەپىرىگە ئىختىيار قىلغاندىن باشلاپ سەپەرنى تۈگىتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر، شائىرنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرىنى مەزمۇن قىلغان. ئەسەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى ۋە مەدەنىيەت قاتلاملىرى ھەققىدە بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مۇھىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش بىلەن بىللە، يىپەك يولىدىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىقتىسادى قاتارلىق ئەھۋالىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مول ماتېرىيال مەنبەسى ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ئەسەر 1962 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، يەنى ھىندىستان بىلەن بولغان چېگرا سۆھبىتىدە «ھەجنامە»دە شائىر يېزىپ قالدۇرغان بايانلاردىكى ئەينى ۋاقىتتا پۇل ئالماشتۇرغان ئورۇننىڭ ئۇچۇرلىرى ئېلىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئىسپاتلاردىن بىرى بولغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ رەتلەپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھازىر دۆلەتلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا. كېيىنكى

ۋاقىتلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن ھاجى نۇرھاجى قاتارلىق رەھبەرلەر كېلىپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، توخسۇن ھاجىمنى مەشھۇر تارىخچى دەپ بېكىتىپ ئەنگە ئېلىپ، شائىرنىڭ قەبرىسىنى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ياساپ، زىيارەتگاھ قىلىپ ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ پىلان ھازىرغىچە ئەمەلىيلەشكىنى يوق.

206 بەت، 1102 كۇپلېت، 4408 مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ ھەجىملىك داستان ئۇمۇمىي مۇقەددىمە، يەنى مۇناجات قىسمى 16 پارچە ھېكايىدىن تەشكىل تاپقان. پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ھەققىدىكى قىسسەلەر ۋە شاھ مەشرەپ داستانلىرىدىن بىر قىسىم پارچىلار كىرگۈزۈلگەن، داستان مۇقەددىمىسى نادامەت نەزمىلىرى، بەيتۇللا (ئاللانىڭ ئۆيى)نىڭ سۈپەتلىرى، مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ سۈپەتلىرى، ئانھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەرەم سەپىرىنىڭ تەرىپى، ئەر ـ مەزلۇملارغا نىكاھ نىسىپ بولماقلىقى (توغرىسىدا)، ۋاپات بولغان پەرزەنتلەرنىڭ شەرىپىگە ئوقۇلغان نەزمىلەر، يۇرت كەنتى ئاملار بىلەن ھەممەجلىس بولغانلىرى، يەنى نادامەت، تەلەپ ھەرىمىنىڭ تەرتىپى، شەرەپلىك كەئبىنى زىيارەت قىلماقنىڭ ئەدەپلىرى، ھەجگە بارغان ـ كەلگەن ۋەقەلەر، ھەجگە كەتكەنلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنىڭ باياني، مۇناجاتى بەدەرگاھى قازىيەل ـ ھاجات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 14 چوڭ تېما ئاستىدا يېزىلغان. شائىرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، ھەج سەپىرىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق، جانلىق ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

ئەينى دەۋردىكى زاماننىڭ زۇلمەتلىكلىكى، بايلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە زالىملىقى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئىلىم ئىگىلەش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن شائىر ئىچكى ـ تاشقى جەھەتلەردە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسى توختىباي سوپى ۋە ئانىسى روزى ئاغىچىلارنىڭ يالغۇز ئوغلىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە يېتەكلىشى، شۇنداقلا كىچىكىدىنلا ۋۇجۇدىدا يېتىلگەن بىلىم ئىگىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبلىك توخسۇن ھاجىم ئەلىم تەھسىل قىلىش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش ئىشلىرىدا توختىماي ئىزدىنىپ، بىزگە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسمى شائىرنىڭ ئوغلى، ۋارىسى ئابدۇقادىر توخسۇننىڭ قولىدا قەدىرلىنىپ ساقلانماقتا. ئەنە شۇ مىراسلار بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئىزدىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

(ئاپتورى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئابابەكرى ئابدۇرەشت

# قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال-تەمسىللىرىدىن ئۆرنەكلەر

## 1. تېمىغا كىرىش

ماقال - تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ دۇنيا قاراش - ئىدىيەلىرى، تۇرمۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرى، ئىبرەتلىك پەند - نەسىھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئاممىباب يول بىلەن ئىپادىلىنىشى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىنى توپلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىرىدىن بىرسى شۇكى، يىراق ئۆتمۈشكە تەۋە بۇ ئەدەبىي مىراسلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاڭ - ئىدىيەسى، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى، رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئائىت تەجرىبە - ساۋاق، چۈشەنچە - نۇقتىئىنەزەرلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىش ۋە ئەتراپلىق ئىلمىي تونۇشىمىزنى مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ماقال - تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدىن بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىنىڭ كۆپلەپ رەتلىنىپ ئېلان قىلىنىشى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى مەنبە بىلەن تەمىنلەپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرگە تەۋە ئەدەبىي مىراسلارغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا بىر پۈتۈنلۈك، يىلتىزداشلىق نۇقتىسىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر، ئىلمىي تەتقىق قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ پاكىتلىق يورۇتۇپ بېرىشتە زۆرۈر تولۇقلىملىق رولىنى ئۆتەيدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تۇرپان، كۇچا، خوتەن، دەشتئاتا (دۇڭخۇاڭ) قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە قېتىملىق قىدىرىپ - تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى ئون نەچچە خىل تىل - يېزىقتا خاتىرىلەنگەن نەچچە ئون مىڭ پارچە يازما يادىكارلىقلارنى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى، سىياسىي - ئىقتىسادىي، دىن ۋە ئېتنوگرافىيەسىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە ئالبېرت فون لېكوك (Albert von Lecoq) قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۆت قېتىملىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىپ ئېلىپ كەتكەن يازما يادىكارلىقلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ھازىر ئۇلار گېرمانىيەدىكى بىرقانچە مۇزېي ۋە بېرلىن براندېنبۇرگ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە «تۇرپان يىغمىلىرى» نامىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ-

دىن باشقا، بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ خېلى كۆپ ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ئالاقىدار كاتولوگلاردىن مەلۇم بولماقتا.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىن ھازىرغىچە مەخسۇس ماقال - تەمسىل، ئىبرەتلىك سۆزلەر خاتىرىلەنگەن بىرەر مۇكەممەل ئەسەر بايقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ بوش قالغان ئورۇنلىرى ۋە باشقا مۇۋاپىق بۆلەكلىرىگە ماقال - تەمسىللەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۈگۈنگىچە دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بىرقانچە تۈركولوگ ۋە تەتقىقاتچى بۇ ماقال - تەمسىللەرنى رەتلەپ ئېلان قىلغان ۋە ئالاقىدار تەتقىقاتلارنى ئىشلىگەن. بۇلاردىن تۈركولوگ ئا.فون.گابائىن (A. von Gabain) ۋە رەشىت رەھمەتى ئارات(R.R. Arat)نىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماقال - تەمسىللەر باشقا نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا ئوخشاش دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تۈركولوگ ۋە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئوقۇپ يېشىلگەن، رەتلەپ ئېلان قىلىنىپ يۇقىرى ئىلمىي قىممەت ياراتقان بولسىمۇ، ھالبۇكى، تا ھازىرغىچە بۇ مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ئۆز ساھىبلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك بولۇپ كەلدى. بوخىل بوشلۇقنى يار بەرگەن ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇپ، ئەجدادلار ياراتقان مەنىۋى بايلىقلارنى ئەۋلادلارغا تونۇتۇپ، ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلاپ، ئەجداد روھى ۋە ئەقىل - پاراستىدە ئەۋلاد مەنىۋىيىتىنى سۇغىرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەنە شۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە تەۋە، پارچە - پارچە يېزىپ قالدۇرۇلغان ماقال - تەمسىللەرنى توپلاپ، كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى بۇرچ سۈپىتىدە مۇھىم دەپ قارىدۇق.

ماقالىدە بېرلىن براندېنبورگ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە U 05600 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان تېكىستلەر (تۆۋەندە A تېكىست قىلىپ رەتلەندى)، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا P 2969 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان تېكىستلەر B (تېكست قىلىپ رەتلەندى) ۋە بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا 8212. Or نومۇردا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم يازمىلار C (تېكىست قىلىپ رەتلەندى)غا يېزىپ قالدۇرۇلغان ماقال - تەمسىللەر ئەسلىي قول يازما ئاساسىدا قايتىدىن ئوقۇپ يېشىلدى، بەزى تەكرارلىنىقلارغا نىسبەتەن قىسمەن رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئەسلىي يازما ماقالە ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى.

## 2. ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە يەشمىسى

| | | |
|---|---|---|
| A01 | buyanlıq kiši burqanl(a)r birlä tüz | A 01 ساۋابلىق قىلغان كىشى بۇرخانلارغا باراۋەر، |
| A02 | ärür buyansız kiši boq baqır birlä | A 02 ساۋابلىق قىلمىغان كىشى مىسنىڭ پۇقىغا. |
| A03 | tüz ärür ärdämlik kiši ärd(i)ni birlä | A 03 پەزىلەتلىك كىشى گۆھەر بىلەن تەڭ، |
| A04 | ärdämsiz kiši ätük ičintäki ulyaqbilä tüz ol | A 04 پەزىلەتسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىدىكى پېتەك بىلەن. |
| A05 | kimning tamırı yoğun bolsar qanağı [yängil] | A 05 كىمنىڭ تومۇرى يوغان بولسا، قېنى يەڭگىل ئاقار. |
| A06 | y(ä)mä türk savında bar är | A 06 تۈركلەردە يەنە مۇنداق ماقال - تەمسىل بار: ئەر |
| A07 | qutı bäling suv qutı täring | A 07 قۇتى باتۇرلۇقتا، سۇ كۈچى چوڭقۇرلۇقتا. |
| A08 | bägimsinmäyük bäg bo(l)sar bältir | A 08 بەگ بولمىغان بەگ بولسا دوقمۇشمۇ دوقمۇش |
| A09 | sayu bälgä salar ataqımsınmayuq | A 09 بەلگە سالار، نام - ئاتاقتا لايىق بولمىغان نام - |
| A10 | atığ bulsar art sayu mayaqayur | A 10 ئاتاقتا ئېرىشسە دۆڭمۇ دۆڭ ماياق سالار②. |

**2969 P . B**نومۇرلۇق يازما

| | | |
|---|---|---|
| B01 | y(ä)mä savda bar toğan quš | 01B يەنە مۇنداق ماقال ـ تەمسىل بار: شۇڭقار |
| B02 | oğlı toquz bolur toquzı[n] | 02B چۈجىسى توققۇز بولۇر، توققۇزىدىن |
| B03 | bir tuğun bolur toğanı | 03B بىرسى تۇغى (يولباشچى) بولۇر. (ئۇلار) شۇڭقارغا |
| B04 | üčün tutğan bolur qadırı | 04B تۇتقۇن بولۇر، ياۋۇز (دۈشمەن)لارغا |
| B05 | üčün qapqan bolur bäglär | 05B قاپقان بولۇر. ③بەگ |
| B06 | oğlı tuğa bilgä bolur | 06B ئوغلى كىچىكىدىن ئاقىل بولۇر، |
| B07 | örtäk oğlı tuğa suvu | 07B ئۆردەك چۈجىسى تۇغۇلۇپلا سۇنى |
| B08 | bulur | 08B تاپار |
| B09 | sansız tümän yıl boltı | 09B سانسىز تۈمەن يىل بولدى |
| B10 | mängigü t(ä)ngri yer yava[š] | 10B قۇتلۇق تەڭرى يېرى ئامان. |

**8212. Or.C ـ 74** نومۇرلۇق يازما

| | | |
|---|---|---|
| C01 | tanuqluğ s(a)v tamğalığ | 01C ئىسپاتلىق سۆز تامغىلىق |
| C02 | bitig. ešidmištä körü | 02C بىتىگ. ئاڭلىغاندىن كۆرۈپ |
| C03 | körmiš yig. ming kiši yü- | 03C كۆرگەن ئەلا. مىڭ ئادەمنىڭ يۈزىنى |
| C04 | zin bilginčä bir kiši at- | 04C بىلگۈچە بىر ئادەمنىڭ ئېتىنى |
| C05 | ı[n] bilgü. azmazun tep | 05C بىل. ئازمىسۇن دەپ |
| C06 | yerči yaratı yangılmazun t- | 06C يولچى، خاتالاشمىسۇن دەپ |
| C07 | ep biligig uratı. azmaz y- | 07C بىلىم ياراتتى. ئازماس |
| C08 | erči yangılmaz bilgä unıt- | 08C يولچى، خاتالاشماس ئالىم، ئۇنتۇماس |
| C09 | maz ötügči yangılmaz bitkä- | 09C قەرزدار، خاتالاشماس پۈتۈكچى |
| C10 | či (bolmaz). bilgilig yangılmaz ye- | 10C بولماس. بىلىملىك خاتالاشماس، |
| C11 | rčilig azmaz. yangılmasar | 11C يولچىسى بار ئازماس. خاتالاشمىسا |
| C12 | bilgä bol[maz] azmasar ye[rči] | 12C ئالىم بولماس، ئازمىسا يولچى. |

**8212. Or.D ـ 78** نومۇرلۇق يازما

| | | |
|---|---|---|
| D01 | y(ä)mä türk savınta | 01D تۈركلەردە يەنە مۇنداق ماقال ـ تەمسىل |
| D02 | bar yer üzä yol | 02D بار: يەر ئۈستىدە يول، |
| D03 | budun üzä [bäg] | 03D ئاۋام ئۈستىدە بەگ (بولۇر④). |

يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەردىن باشقا، تۈركولوگ رەشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن ئىشلىنىپ نەشر قىلىنغان «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»(Ⅶ) ۋە «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دېگەن تەتقىقات ئە-

سەرلىرىدە تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بېرىلگەن⑤:

| | | |
|---|---|---|
| E01 | qoču tağınt(a) qaplan yoq, quduğ suvında balıq. | 01E قوچۇ تېغىدا قاپلان يوق، قۇدۇق سۈيىدە بېلىق. |
| E02 | tağta uz yoq, say yaẓınta bäl yoq. | 02E تاغدا تۇز يوق، تۇزلەڭدە بەل (داۋان) يوق. |
| E03 | ıt qarı bolsar, yatıp ürür. | 03E ئىت قېرىسا، يېتىپ ھاۋشار. |
| E04 | tävä qarı bolsar, bunqal⑥ bolur. | 04E تۆگە قېرىسا، ئازغۇن⑥ بولۇر. |
| E05 | ud qarı bolsar, murančın⑦ bolur. | 05E ئۇي قېرىسا، تېرىككەك⑦ بولۇر. |
| E06 | qız qarı bolsar, qıčın körgü. | 06E قىز قېرىسا، قىچىن⑧ كۆرۈر. |
| E07 | qoynčılar qarı bolsar, irčin⑨ bolur. | 07E قويچى قېرىسا، غەمكىن⑨ بولۇر. |
| E08 | är qarı bolsar, kärčin⑩ bolur. | 08E ئەر قېرىسا، كاج⑩ بولۇر. |
| E09 | yağmur yağsa qapung bolsun yabınğu kärgäk, yavuz kiši yaqın kälsä abınğu kärgäk | 09E يامغۇر ياغسا، يېپىنچاڭ بولسۇن، يۆگىنىش كېرەك، ئەسكى ئادەم يېقىن كەلسە، ئېھتىيات كېرەك. |

**3. ئىزاھاتلار**

① (YIIT19) U 5600 نومۇرلۇق بۇ تېكىست U 05600 ـ A 01، U 05600 ـ A 02، U 05600 ـ A 06، U 05600 ـ A 07 قاتارلىق تۆت بەت بولۇپ، جەمئىي 17 قۇر. ئەسلىي يازمىدا بەزى ماقال ـ تەمسىللەر تەكرارلانغان، بەزىلىرى تولۇق يېزىلمىغان. مەزكۇر ماقالىدە ئايرىم يازمىلاردىكى ھەممە ماقال ـ تەمسىل مەزمۇن پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا بىر نومۇر ئاستىدا رەتلەندى.

② ئەسلىي يازمىدا بۇ قۇردىن كېيىن يەنە ئىككى قۇر يېزىق بولۇپ، «يولۋاس يىلى سەككىزىنچى (ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)، بۇ بىتىك مەيدانغا كەلدى» دەپ يېزىلغان.

③ تەتقىقاتچى ياڭ فۇشۆنىڭ قارىشىچە، مەزكۇر تەمسىلدىكى توققۇز شۆڭقار چۆجىسى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى توققۇز قەبىلىنى، يولباشچى چۆجە قاغان چىقىدىغان ياغلاقار قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 ـ توم، 609 ـ بەت)دا بۇ ماقال ـ تەمسىل بىلەن مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش بولغان «يەر تاغلار بىلەن، خەلق بەگلەر بىلەن تىنچ بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى yär basruqı tağ, bodun basruqı bäg دېگەن ماقال كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئوخشاشلىق خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەن.

⑤ بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئەسلىي يازمىسىنى تېپىش ھازىرچە مۇمكىن بولمىغاچقا، ئالاقىدار تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئاساسىدا رەتلەندى.

⑥ ئەسلىي يازمىدىكى bunqal سۆزى بۇ يەردە «يولدىن ئازماق» مەنىسىدە تەرجىمە قىلىندى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3 ـ توم، 542 ـ بەت)دا «مۇڭقاردى» دېگەن بىر سۆزلۈك بولۇپ، «مۇڭلاندۇردى، قايغۇغا سالدى» دەپ ئىزاھلانغان. تۈركولوگ مارسېل ئېردال «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (231 ـ، 323 ـ، 802 ـ بەتلەر)دە «مۇنۇك، مۇندۇز، مۇنتۇر» قاتارلىق سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ سۆزلەرنىڭ «مۇن ـ» يىلتىزىدىن ياسالغانلىقىنى «ئاداشماق، ئالجىماق» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىنى مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «ئالتۇن يارۇق»تىمۇ «مۇڭقۇل» سۆزى «مەنتىقسىزلىك، قائىدىسىزلىك» مەنىسىدە قوللىنىلغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ـ bun بىلەن ـ mun ئوخشاش بىر يىلتىز، «ل» ۋە «ر» تاۋۇشى كۆپ ئەھۋاللاردا نۆۋەتلىشىدۇ. بۇنىڭدىن «دىۋان»دىكى «مۇڭقار ـ»، «ئالتۇن يارۇق»تىكى

«مۇڭغۇل» سۆزى ۋە مەزكۇر يازمىدىكى «بۇتقال» سۆزلىرىنىڭ كونتېكىست ئاساسىدا يىلتىزداش سۆزلەردىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. مۇشۇ ئاساستا، ئەسلىي يازمىدىكى «تۆگە قېرىسا، بۇتقال بولۇر» دېگەن جۈملىنى «تۆگە قېرىسا ئازغۇن بولۇر» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

⑦ بۇ جۈملىدىكى muranči̇n سۆزىنىڭ مەنىسى ئېنىقسىز. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (101 - بەت)دە buranč سۆزى «بىئارام لىق» مەنىسىدە ئىزاھلانغان. «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (596 - بەت)دە -burčın پېئىلى «تېرىكمەك، ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك» دېگەن مەنىلەردە ئىزاھلانغان. بۇلاردىن ئۇ ئىككى سۆز ئوخشاش بىر يىلتىز bur - دىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياسقا كەلگىلى بولىدۇ. مارسىل ئېردال يۇقىرىقى كىتابى (185 -، 321 - بەتلەر)دا (burkug قورۇق، پۈرلىشىش)، (burki تۈرمەك، تۈرۈلمەك) قاتارلىق بىرقانچە سۆزنىڭمۇ *bur - پېئىلىدىن ياسالغان بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن مىساللار كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» (355 - بەت)دا، bur - پېئىلى پەقەت «پۇرىماق، ھورلانماق» مەنىسىدە ئىزاھلانغان بولۇپ، «تۈرۈلمەك» مەنىسىدىكى burkur - burki - نىڭ - دىن ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىپ، بۇ پېئىل ئۈستىدە تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل يۈرگۈزمىگەن. ئەمدى ياسىغۇچى قوشۇمچە čın + غا كەلسەك، كلاۋسون لۇغىتىدە، «بۇ قوشۇمچىنىڭ فۇنكسىيەسى ئېنىق ئەمەس» دەپ كۆرسىتىلگەن. مارسېل ئېردال «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (118 - بەت)دا، čık/+čın+ قوشۇمچىلىرىنىڭ čI+ قوشۇمچىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى ئىكەنلىكىنى (balıkčın بېلىقچى)، (örümčik ئۆمۈچۈك) قاتارلىق ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، بۇ قوشۇمچىنىڭ «مەلۇم خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ياكى ئادەتلەنگەن ھەرىكەت خاسلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغانلىقىنى» ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۇقىرىقى تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، تەمسىلدە كەلتۈرۈلگەن ud qarı bolsar, murančın bolur دېگەن جۈملىنى «ئۆكۈز قېرىسا تېرىككەك بولۇر» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

⑧ «قىچىن» سۆزى «دىۋان» ۋە باشقا ئالاقىدار لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلمىگەن. «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»دە بۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشقا بولىدىغان qi (578 - بەت) ۋە qır - (641 - بەت) ئىككى سۆز كىرگۈزۈلگەن. ئالدىنقىسى ئۈندەش سۆز بولۇپ، قاراتما سۆز «ھەي» ئورنىدا قوللىنىلغان. مەسلەن، (qi ber ükel: ھەي، بۇياققا كەل!)؛ كېيىنكى سۆز «بوز، كۈلرەڭ» مەنىسىدە.

⑨ «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» (194 - بەت)دە، ir - پېئىلى «غەم قىلماق، ئەندىشە قىلماق، مەيۇسلەنمەك» مەنىسىدە ئىزاھلانغان. مەزكۇر سۆز مەنىلىرى، čın + قوشۇمچىسىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن فۇنكسىيەسى ۋە قويچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن irčin نى «غەمكىن» سۆزى بىلەن ئىپادىلىدۇق.

⑩ «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (270 - بەت)دە، مارسېل ئېردال «ئۇرۇش - جېدەل» مەنىسىدىكى käriš سۆزىنى «كەرىمەك، سوزماق» مەنىسىدىكى -kär پېئىلىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ خىل قىياسقا ئاساسلانغاندا، kär+iš سۆزى بىلەن ئوخشاش يىلتىزدىن ياسالغان بولۇش مۇمكىنچىلىكى خېلىلا يۇقىرى بولغان kär+čin سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «جاھىل، جېدەلخور» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن.

**4. قول يازمىلاردىن ئۆرنەكلەر:**


P2969 (B01-B10)


U056002 (A03-A05)


Or.8212-78 (D01-D03)


Or.8212-74 (C01-C12)

## 5. سۆزلۈكلەر

abin -E09 يوشۇرۇنماق
art, A10 داۋان، تاغ يولى
at C04 ئىسىم، ئات
ataq A09, A10 نام - ئاتاق
az -, C05, C07, C11, C12 ئازماق، ئاداشماق
är, A06,E08 ئەر، ئەر كىشى
är-, A02, A03 هۆكۈم باغلامچىسى
ärd(i)ni, A03 گۆھەر، قىممەتلىك بۇيۇم
ärdäm,A03,A04 پەزىلەت، قابىلىيەت
ätük,A04 ئۆتۈك، ئاياغ
bäg, A08 بەگ، مۆتىۋەر
bäl, E02 داۋان، دۆڭ، بەل
bälgä, A09 بەلگە، نىشان
bäling, A07 قورقۇنچ، ۋەھىمە
baliq, E01 بېلىق
bältir, A08 دوقمۇش، كوچا ئېغىزى
baqir, A2 مىس
bar, A6, B01, D02 بار، مەۋجۇت
bilgä, B06,C08,C12 ئاقىل، دانىشمەن
bilgilig, C10 بىلىملىك
bil-,C04,C05 بىلمەك
bilig,C07 ئىلىم، بىلىم
bir, C04 بىر
birlä, A02,A03 بىلەن
bitig, C02, بىتىگ، پۈتۈك، ئەسەر
bitkäči, C09 پۈتۈكچى، يازغۇچى
bol -, A05, A08, B02, B03, B04 B05, B06, B09, C12, E03, E04, E05, E06, E07, E08, E09 بولماق
boq, A02 پوق، نىجاسەت
budun, D03 ئاۋام، خەلق
bul -, A10, B08 تاپماق، ئېرىشمەك
bunqal, E04 ئازغۇن، ئەقىلسىز
burqan, A01 بۇرخان، بۇددا
buyan, A01, A02 ساۋاب، ياخشى پەزىلەت

ešid-,C02 ئىشىتمەك، ئاڭلىماق
ıt, E03 ئىت
ič, A04 ئىچى تەرەپ
irčin,E09 غەمكىن، مۇڭلۇق
käl-,E09 كەلمەك
kärčin, E08 كاج، جاھىل
kärgäk, E09 كېرەك، لازىم
kim, A05 كىم
kiši,A01,A02,A03,A04,C03,E09 كىشى، ئادەم
kör-,C02, C03,E06 كۆرمەك
mängigü,B10 مەڭگۈ، ئەبەدىي
mayaq, A10 ماياق، ئوغۇت
ming, C03 مىڭ
murančın, E05 تېرىككەك
oğlı,B02,B06,B07 ئوغلى
ol-, A04 هۆكۈم باغلامچىسى
örtäk, B07 ئۆردەك
ötügči, C09 قەرزدار
qadır, B04 ۋەھشىي، ياۋۇز
qan,A05 قان
qapung,E09 يېپىنچا، قاپ
qaplan, E01 قاپلان، يولۋاس
qapqan, B05 قاپقان
qarı, E03,E04,E05,E06,E07,E08 قېرى، ياشانغان
qıčın, E06 قىچىن
qız, E06 قىز
qoču, E01 قوچۇ
qoynčı, E07 قويچى
quduğ, E01 قۇدۇق
quš, B01 قۇش
qut, A07 بەخت، سائادەت
s(a)v, A06,B01,C01,D01 ماقال - تەمسىل
sal-, A09 سالماق
sansız, B09 سانسىز، ساناقسىز
say, E02 ساي، دالا
sayu, A09,A10 بويلاپ، بويىچە

| | |
|---|---|
| سۇ | suv, A07,B07 |
| تەڭرى | t(ä)ngri, B10 |
| تاغ | tağ, E01,E02 |
| تومۇر | tamar, A05 |
| تامغا | tamğa,C01 |
| ئىسپات، گۇۋاھ، گۇۋاھچى | tanuq, C01 |
| چوكقۇر | täring, A07 |
| تۆگە | tävä,E04 |
| دېمەك | te-, C05 |
| شۇڭقار | toğan, B01 |
| تۇغ، بايراق | tuğ, B03 |
| توققۇز | toquz, B02 |
| تۇغماق | tuğ-, B07 |
| تۇمەن | tümän, B09 |
| تۈرك | türk, A06,D01 |
| تۇتقۇن، ئەسىر | tutğan,B04 |
| تەڭ، باراۋەر | tüz, A01,A03,A04 |
| ئۈچۈن | üčün, B04,B05 |
| ئۆي | ud, E05 |
| ئۇلۇق، پېتەك | ulyaq, A04 |
| ئۇنتۇماق | unıt-, C08 |
| ياراتماق، رەتلىمەك | ura-, C07 |
| هاۋشىماق | ür-, E03 |
| يول | uz, E02 |
| ئۈستى | üzä, D02,D03 |
| يەنە | y(ä)mä, A06,B01,D01 |
| يېپىنماق | yabın-, E09 |
| يامغۇر | yağmur, E09 |
| ياغماق | yağ-, E09 |
| خاتالاشماق | yangıl-, C06,C08,C09,C10,C1 |
| يېقىن | yaqın, E09 |
| ياراتماق | yarat-, C06 |
| ياتماق | yat-, E03 |
| يۇمشاق، سىلىق | yava[š], B10 |
| ياۋۇز، يامان | yavuz, E09 |
| تۇزلەڭ | yaẓ, E02 |
| يەر | yer, B10,D02 |
| يول باشلىغۇچى | yerči, C06,C08,C11,C12 |
| ياخشى | yig,C03 |
| يوغان | yoğun, A05 |
| يول | yol,D02 |
| يوق | yoq, E01 |
| يۈز | yüz, C03 |

### 6. پايدىلانمىلار

① ئا . فون. گابائىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك فىلولوگىيەسى: ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى» (گېرمانچە)، «شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى»، كۆلىن: برىل نەشرىياتى، 1963 ـ يىلى نەشرى.
② رەشىت رەھمەتى ئارات: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى Ⅶ» (گېرمانچە)، بېرلىن، 1936 ـ يىلى نەشرى.
③ رەشىت رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرىيىتى» (تۈركچە)، ئەنقەرە، تۈرك تارىخ قۇرۇمى، 1991 ـ يىلى نەشرى.
④ گ . كلاۋسون: «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى» (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى نەشرى.
⑤ مارسېل ئېردال: «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (ئىنگلىزچە)، ۋىسبادېن، 1991 ـ يىلى نەشرى.
⑥ «قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى لۇغىتى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.
⑦ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.
⑧ ياڭ فۇشۆ: «دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماقال ـ تەمسىللەر» (خەنزۇچە)، «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (社科纵横)، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(ئاپتورى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ
2010 ـ يىللىق دوكتورانتى)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھېمىت سامساق

# بىلال بىلەن ئالتۇن قاسىراقلىق يىلان

(چۆچەك)

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە دەھشەتلىك قۇم - بوران ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، نۇرغۇن شەھەر - يېزىلار، باغۇ بوستانلار قۇم ئاستىدا قاپتۇ. زېمىن خۇددى يىرتىلغان رەختتەك تالا - تالا جىرالارغا ئايلىنىپ، دەريا - كۆللەر قۇرۇپ كېتىپتۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋە قۇشلار ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىپ، ھاياتلىق يوللىرى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپلەرگە كېتىپتۇ. تەبىئەتنىڭ بۇ رەھىمسىز ئاپىتىگە چارىسىز قېلىپ، ئۆز ماكانىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا تاشلاپ، ھاياتلىق يولى ئىزدەش ئۈچۈن كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا بىلال ئىسىملىك ئىرادىلىك، ئېسىل پەزىلەتلىك بىر يېتىم بالىمۇ بار ئىكەن. بۇ يىگىت باشقىلارغا ئەگىشىپ ماڭماي، ئۆزى يالغۇز بىر چۆللۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەمسىز چۆللەردە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ياۋا توشقان ۋە جەرەنلەرنىڭ گۆشىنى يەپ مېڭىپتۇ. بىر كۈنى بىلالغا كىچىككىنە بىر ئېقىن سۇ ئۇچراپتۇ. بىلال چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ ئاللاغا يۈزمىڭ شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ: «سۇ تاپتىم، سۇ تاپتىم، ھاياتلىق تاپتىم» دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ. سۇ ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ھەرھالدا ئىچىشكە ۋە غىزا ئېتىپ يېيىشكە يېتىدىكەن.

بىلال سۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەرەپلىرىنى كۆرۈپ، سۇنىڭ يولىنى توسۇپ ئارقىغا ياندۇرۇپ، ئېقىنغا تۇغنى ئاز - ئازدىن ئېگىزلىتىپ سېلىش ئارقىلىق سۇنى كۆپەيتىپ، شۇ سۇ بىلەن تېرىقچىلىق قىلماقچى بوپتۇ. بىلال ئېقىننىڭ تار ۋە ئىككى قىرغىقى ئېگىزرەك بىر جايىنى تاللاپ، تۇغ ئورنىنى بېكىتىپتۇ. سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، قورۇپ قالاي دېگەن توشقاننىڭ گۆشىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن چايناپ يەپ، قورسىقىنى تويدۇرۇپتۇ - دە، ئېقىنغا تۇغ سېلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ ناھايىتى تېزلا ئېقىننىڭ سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرۇپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز كىرپىك قاقماي ئىشلەپ، تۇغنى ئېگىزلىتىپتۇ. ئاندىن تۇغنىڭ ئۇستىگە گۇلخان يېقىپ، ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئېقىننىڭ سۈيى كۆپىيىپ، كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. بىلال ھەركۈنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ئەمگەك قىپتۇ، ئۇ ھېلى شاخ - شۇمبا كېسىپ كېلىپ باسسا، ھېلى ئۇستىدىن توپا تاشلاپ ئېقىننىڭ تۇغىنى ئېگىزلىتىپتۇ. بىر كۈنى قارىغۇدەك بولسا، سۇ ئىزدەپ يۈرگەن ئۇچار قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ئېقىن بويىدا يايراپ يۈرگۈدەك. خۇشاللىقىنى باسالمىغان بىلال: «سۇ كەلدى، سۇ كەلدى. كېلىڭلار جانىۋارلار، سۇ ئىچىڭلار، باشقىلارغىمۇ خەۋەر قىلىڭلار، ئۇلارمۇ كەلسۇن، ھەممىمىز بىللە ياشايلى» دەپ ۋارقىراپتۇ.

كېيىن بۇ ئېقىن ئاپەتتىن ئامان قالغان جانلىقلارنىڭ پاناھگاھىغا ئايلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن بىلال چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىلالنىڭ مېھمانلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، گۆر ئاغزىدىن قايتقان بۇ بىر توپ جانلىقلار كىچىككىنە

بىر دۇنيانى هاسىل قىپتۇ. بىلال ئايلارنى يىللارغا ئۇلاپ توختىماي ئىشلەپ، ئېقىننى بارغانسېرى چوڭايتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىچىككىنە بۇ ئېقىن ئەمدى ئەتراپى ياپيېشىل، ھەرخىل قۇشلار ئەگىپ كېتەلمەيدىغان چوڭ بىر كۆلگە ئايلىنىپ، بىر گۈزەل مەنزىرە بەرپا بوپتۇ.

بىر كۈنى چىڭقىچۈشتە بىلال يېقىنلا يەردىكى بىر دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، يوغان بىر ئالتۇن قاسراقلىق يىلاننىڭ جىمجىت ياتقىنىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. پۇت - قوللىرى بوشىشىپ، قېچىشقا ماغدۇرىمۇ قالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ، قايتا قاراپتىكەن، تولىمۇ يوغان ھەم ئۇزۇن بىر ئالتۇن قاسراقلىق يىلان قۇمغا يېرىم كۆمۈلۈپ ياتقۇدەك. بىلال بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن بېسىپ يىلاننىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپتۇ، يىلان يەنىلا جىمجىت ياتقۇدەك. بىلال كۆڭلىدە: «ئەگەر ئۇ ئۆلۈك بولسا تېرىسىنى سويىۋېلىپ داپ ياساپ، زېرىككەندە داپ چېلىپ ئوينىسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ تېخىمۇ يېقىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالتۇن قاسراقلىق يىلان مىدىرلىغاندەك قىپتۇ. ئەسلىدە يىلان تىرىك ئىكەن. بىلال قاچماقچى بولۇۋېتىپ تۇيۇقسىز يىلاننىڭ قورسىقىدىكى جاراھەتنى كۆرۈپ قاپتۇ. جاراھەت ئۇستىدە چۈمۈلىلەر ئۆمىلەپ يۈرگەنمىش، بىلال كۆڭلىدە: «بۇ بىچارە يىلان يارىلىنىپتۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەرھال يىلاننىڭ تېرىسىنىڭ قېتىغا كىرىۋالغان چۈمۈلىلەرنى پاكىز تازىلاپتۇ، ئاندىن ئۇچىسىدىكى يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ بىر قىسمىنى يىرتىپ يىلاننىڭ جاراھىتىنى تېڭىپتۇ. يىلان يەنىلا جىمجىت ياتقۇدەك. بىلال بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىلال يەنە ئالتۇن قاسراقلىق يىلاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يىلان جاراھىتىنى ئاپتاپقا قاقلاپ ياتقۇدەك. بۇ قېتىم ئۇ قورقماي يىلاننىڭ يېنىغا بېرىپ، يارا ئورنىنى تازىلاپ، قايتىدىن تېڭىپ قويۇپ قايتىپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە يەتتە قېتىم كېلىپ يىلاننىڭ يارىسىنى تېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىلان ئورنىدىن قوزغىلىپ، بىلال ئىشلەۋاتقان ئېقىن سۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، سۇغا شۇڭغۇپتۇ. بىلال يەنە داۋاملىق ئىشلەپ تۇغنى ئېگىزلىتىۋېرىپتۇ. ئۇ كېيىن جەرەن تېرىسىدىن قاپ تىكىپ، توپىنى شۇنىڭدا توشۇپتۇ. بىلال دەم ئالماي ئۇزاق ۋاقىت ئەمگەك قىلىۋەرگەچكە تېنى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر قاپ توپىنى يۈدۈپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئالتۇن قاسراقلىق يىلان ئېقىن سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، بىلالنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، بىر تال تۇخۇمنى بىلالنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بىلال ناھايىتى تېزلا ھوشىغا كېلىپ، بېشىدا قاراپ تۇرغان يىلاننى كۆرۈپ قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇ ئەسنادا يىلان دەرھال زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، مەندىن قورقمىغىن. قانداق ھاجىتىڭ بولسا دېگىن، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ھاجىتىڭنى راۋا قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي قورقۇنچلۇق يىلان، بۇ يەردىن تېزرەك كەتكىن، ھاجىتىمدىن چىقماقچى بولساڭ مېنى بۇ يەردە خاتىرجەم ئىشلىگىلى قويغىن، — دەپتۇ بىلال ۋە ئورنىدىن قوپۇپ قاپنى كۆتۈرۈپتۇ. لىق توپا قاچىلانغان بۇ قاپ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يەڭگىل تۇيۇلۇپتۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران بوپتۇ. ئۇ توپىنى تۆكۈپ بولۇپ، يەنە توپا ئالماقچى بولۇپ كەينىگە يېنىپ قارىسا ھېلىقى يىلان يوق تۇرغۇدەك. ئۇ قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ ئېقىننىڭ تۇغىنىنى داۋاملىق ئېگىزلىتىپتۇ.

بىلالنىڭ ئېقىنغا تۇغان توسۇپ يېڭى بىر ھاياتلىق دۇنياسى ياراتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بارا - بارا يىراق - يېقىندىكى سۇسىزلىقتىن جان تالىشىۋاتقان خەلقلەرگە تارقىلىپتۇ. ئېقىننىڭ سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، چوڭ كۆلگە ئايلى-

نىپتۇ. بىلال بولسا يەنىلا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، داۋاملىق ئىشلەپ، تۇغاننىڭ ئېگىزلىكىنى ئاشۇرۇۋېرىپتۇ. بۇ كۆلدە غاز ـ ئۆردەكلەرمۇ كۆپىيىپ، بىلالمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن غەم قىلمايدىغان بوپتۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىلالنىڭ تېنى يەنە ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. تۇپا قاچىلانغان قاپنىمۇ كۆتۈرەلمەي ھە دېسىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىشى پەقەتلا ئاينىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى بىلال يىقىلىپ چۈشۈپ، قوپالماي ياتقاندا ئالتۇن قاسراقلىق يىلان يەنە سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپ بىلالنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي ئادەم بالىسى، ئاغزىڭنى ئاچقىن، — دەپتۇ ـ دە، بىر تال تۇخۇمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— قانداق ھاجىتىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن، ھاجىتىڭنى راۋا قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ئالتۇن قاسراقلىق يىلان، — دەپتۇ بىلال، — دەھشەتلىك قۇم ـ بوران ئاپىتى بىزنى ماكانسىز، سۇسىز قالدۇردى. بۇ يەردىكى ئېقىن سۇنى ئۇلغايتىپ، سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ زېمىننى چوڭ كۆلگە ئايلاندۇرسام مۇرادىمغا يېتىمەن، بۇنىڭدىن باشقا ھاجىتىم يوق.

ئالتۇن قاسراقلىق يىلان:

— ئەي ئادەم بالىسى، سىلەر تارتقان قۇم ـ بوران ئاپىتىنىڭ دەردىنى مەنمۇ يەتكۈچە تارتتىم. راستلا باشقا ھاجىتىڭ يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— يوق، — دەپتۇ بىلال بېشىنى چايقاپ. يىلان بىلالنىڭ ئاغزىغا تۇخۇمدىن يەنە بىر تال سېلىپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ۋاقىت يەنە ئۆتۈۋېرىپتۇ، بىلال توختىماستىن ئىشلەۋېرىپتۇ. كۆلمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپتۇ، بۇ زېمىنمۇ سۇغا قېنىپ، ياپيېشىل چىمەنزارغا ئايلىنىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئالتۇن قاسراقلىق يىلان يەنە بىلالنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەي ئادەم بالىسى، مەن سېنى ئۆز ماكانىمغا باشلاپ باراي. سەن ھازىر مېنىڭ قۇيرۇقۇمغا ئېسىلىپ، كۆزۈڭنى چىڭ يۇمغىن، مەن كۆزۈڭنى ئاچ دېگەندە ئاندىن ئاچقىن، — دەپتۇ. بىلال ماقۇل بولۇپ، دەرھال بۇ يوغان يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىر بوران بىلەنلا يىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندەك بوپتۇ. بىلال ئۆزىنى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بوران توختىغاندەك بولۇپ، يىلان بىلالغا:

— كۆزۈڭنى ئاچقىن، — دەپتۇ. بىلال كۆزىنى ئېچىپ، يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋېتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، كۆز يەتكۈسىز يوغان، ھەيۋەتلىك بىر سارايىنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. بۇ سارايىنىڭ پۈتۈن يېرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت ـ جاۋاھىراتلار بىلەن لىق تولغانىكەن. بىلال ھەيران بولغىنىدىن كۆزىنى يوغان ئېچىپ قېتىپلا قاپتۇ. قاياققىلا قارىسا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلار نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. ئىچكىرىلەپ ماڭغانىكەن، ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر دۆۋىلەنگەن كۆز يەتكۈسىز سارايلار ئۇچراپتۇ. ئۇ نېمە قىلىشنى ۋە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئالتۇن قاسراقلىق يىلان ئۇنىڭغا:

— بۇ ساراي بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى كاتتا شەھەرنىڭ پادىشاھى تارمان خاننىڭ ئىدى، دەھشەتلىك قۇم ـ بوران ئاپىتى زېمىننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، بۇ كاتتا شەھەرنى قۇم ئاستىغا كۆمۈۋەتتى. ھازىر ئېككىمىز تۇرغان بۇ ساراي ئەللىك گەز چوڭقۇرلۇقتىكى يەرنىڭ ئاستىدا. تارمان خاننىڭ مەملىكىتى ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرى بارلىق نەرسىلىرى بىلەن رەھىمسىز قۇمنىڭ ئاستىدا قالدى. شۇنىڭدىن بۇيان مەن تارمان خاننىڭ بۇ نەرسىلىرىنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. سەن مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدىڭ، مەن ساڭا مەڭگۈ قەرزدار. شۇڭا، بۇ نەرسىلەرنى خالىغىنىڭچە ئېلىپ كەت، نېمە ئالساڭ، قانچىلىك ئالساڭ مەيلى. ياكى بولمىسا مەن بىلەن بۇ يەردە قېلىپ، مۇشۇ يەردە بەھۇزۇر ياشىغىن، — دەپتۇ.

بىلال ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، تىلى گەپكە كەلمەي

قاپتۇ ۋە بىر هازادىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ:

— رەهمەت ساڭا، ئالتۇن قاسراقلىق يىلان. ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭمۇ، هەشەمەتلىك سارايىنىڭمۇ كېرىكى يوق. تارمان خانغا ئەسقاتمىغان بۇ نەرسىلەر ماڭا ئەسقاتارمىدى؟ مەن ئۆز ئەمگىكىمگە تايىنىپ ياشاشنى خالايمەن. مېنى پاتراق ئۆز ماكانىمغا ئاپىرىپ قويغىن، — دەپتۇ.

ئالتۇن قاسراقلىق يىلان زۇۋان سۈرمەپتۇ، بىلال دەرهال كېلىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىردىنلا دەهشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپ، بىلال ئۆزىنى ئۇچۇۋاتقاندەك هېس قىپتۇ. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، ئالتۇن قاسراقلىق يىلان ئۇنىڭغا:

— كۆزۈڭنى ئاچ، — دەپتۇ. بىلال كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزى ياسىغان تۇغاننىڭ ئۈستىدە تۇرغۇدەك. ئالتۇن قاسراقلىق يىلان بىلالغا:

— ئەي ئادەم بالىسى، هەرقانداق چاغدا ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا، بۇنى دەرهال ئوتقا قاقلىغىن، شۇ زامان يېنىڭدا پەيدا بولىمەن، — دەپ بىر تال مۈڭگۈزنى بىلالغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بىلال يەنە ئىشقا كىرىشىپتۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۆلنىڭ سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىيىپتۇ. بىلال قان - تەرى بىلەن بەرپا قىلغان بۇ كۆلنىڭ داڭقى تېخىمۇ يىراق جايلارغا تارقىلىپ، هەرخىل جانلىقلار ۋە ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتراپ ئاۋات بىر زېمىنغا ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

مۇشۇ يەرگە يېقىن بىر ماكاندا، قۇم - بوران ئاپىتىدە ۋەيران بولۇپ ئارانلا قالغان بىچارىلەرنىڭ مىڭبىر جاپادا تاپقان نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ، بۇلاپ يەيدىغان يەتتە قاراقچى بار ئىكەن. ئۇلار هەر تەرەپتە قاتراپ يۈرۈپ، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارنى، بولۇپمۇ قىز - ئاياللارنى بوزەك قىلىدىكەن. هېچكىم ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىكەن. بۇ يەتتە قاراقچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇ ئىزدەپ يۈرۈپ، بىلال بەرپا قىلغان بۇ چوڭ كۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. بىلال بىر مەزگىل ئۇلارغا گەپ قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاراقچىلار بارا - بارا بىلالغا ۋە بۇ يەردىكى كىشىلەرگىمۇ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنى بوزەك قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. كېيىنچە هەتتا باشقىلارنى كۆلنىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى بىلال قاراقچىلارغا نەسىهەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— هەي ئاكىلار، مەن ئۇزۇن يىل جاپا تارتىپ، كىچىككىنە ئېقىن سۈنى بۇ چوڭ كۆلگە ئايلاندۇردۇم. بۇ جەرياندا غاز - ئۆردەكلەرنىڭ تۇخۇملىرىنى يېگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلارنى تۇتۇپ يېمىدىم. هايۋانلارغا زىيان يەتكۈزمىدىم، ئۇلارمۇ بىر جانلىق ئەمەسمۇ؟ لېكىن سىلەر...

— نېمە؟ بىزنى غاز - ئۆردەك، هايۋانلارنى تۇتۇپ يېمەڭلار دېمەكچىمۇ سەن؟ — قاراقچىلار بىرلىشىپ، بىلالنى ئۇرۇپ - دەسسەپ، سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ. بىلال تاياقنىڭ زەربىدىن مىدىرلىيالماي، سۇدا تۇنجۇقۇپ هوشىدىن كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئالتۇن قاسراقلىق يىلان پەيدا بولۇپ، بىلالنى سۇ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، هوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. بىلال كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئالتۇن قاسراقلىق يىلان يېنىدا تۇرغۇدەك. ئۇ بىر تال تۇخۇمنى بىلالنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بىلال تۇخۇمنى يەپ، ناهايىتى تېزلا روهلىنىپ ئەسلىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن قاسراقلىق يىلان بىر بوران بىلەن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ چاغدا يەتتە قاراقچى بىلال ياسىغان تۇغاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، گۈلخانلارنى يېقىپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. بىلال يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— گۈلخاننى ئۆچۈرۈڭلار، بولمىسا ماۋۇ شاخ - شۇمبىلارغا ئوت كەتسە چاتاق بولىدۇ، — دەپتۇ. يەتتە قاراقچى ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، قەستەنگە شاخ - شۇمبىلارغا ئوت يېقىشقا باشلاپتۇ. بىلال قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن بىر قاراقچىنى قولىدىن تۇتقىنىچە پىرقىرىتىپ كۆلگە تاشلاپتۇ. كەينىدىن كەلگەن قاراقچىنىمۇ خۇددى ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك

پەرقىراتقىنىچە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۇستىگە تاشلاپتۇ. قالغان قاراقچىلار بۇنى كۆرۈپ بىلالغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. بىلال ئۇلارغا:

— قارىغاندا، سىلەرگە نۇرغۇن بايلىق لازىم ئوخشايدۇ، مەن سىلەرنىڭ باي بولۇشۇڭلارغا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ - دە، يىلان بەرگەن مۆڭگۈزنى ئوتقا قاقلاپتۇ. شۇ ھامان بىر بوران چىقىپ ئالتۇن قاسراقلىق يىلان بىلالنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ.

— ئەي ئالتۇن قاسراقلىق يىلان، — دەپتۇ بىلال، — بۇلارغا ناھايىتى كۆپ مال - دۇنيا كېرەك ئىكەن، رەھىم قىلىپ ئۇلارنى ھېلىقى سارايغا ئاپىرىپ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويغىن.

ئالتۇن قاسراقلىق يىلان ماقۇل بوپتۇ. بىلال قاراقچىلارنى دەرھال يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ كۆزنى يۇمۇشنى بۇيرۇپتۇ. قورقۇپ تىترەپ تۇرغان قاراقچىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىلالنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ:

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىپ، بىزنى قويۇۋەتسەڭ، — دەپ توۋا قىلىپ يىغلىشىپتۇ. بىلال ئۇلارغا:

— دەرھال مەن دېگەندەك قىلىڭلار، بولمىسا بۇ يىلان سىلەرنى چايناپ پۈركۈۋېتىدۇ، — دەپتۇ. قاراقچىلار ئامالسىز تىترەپ تۇرۇپ، ئالتۇن قاسراقلىق يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا بىر - بىرلەپ ئېسىلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپتۇ. يىلان قاراقچىلارنى قۇيرۇقىغا مەھكەم يۆگەپ، بىرلا بوران بىلەن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قاراقچىلار ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ھاۋايى مۇئەللەقتە بىر ياقلارغا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك بىر جايدا بۇ قاراقچىلارغا:

— كۆزۈڭنى ئاچ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىقلار بىلەن لىق تولغان ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ ئىچىدە تۇرغانىمىش. قاراقچىلارنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ، قاققان قوزۇقتەك جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇ. ئالتۇن قاسراقلىق يىلان ئۇلارغا:

— خالىغىنىڭلارچە ئېلىڭلار، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاراقچىلار ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار قۇچاق - قۇچاق ئالتۇنلارنى ئېلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىپتۇ، بەللىرىگە باغلاپتۇ، يانچۇقلىرىغا تىقىپتۇ، ئىشقىلىپ، تىققۇدەكلا يېرى بولسا تىقىشتۇرۇپ، ھەممىسى يۇمىلاق توپقا ئوخشاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن قاسراقلىق يىلان قاراقچىلارنى قۇيرۇقىغا يۆگىمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇلار توپتەك بولۇپ قالغاچقا يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا پاتماپتۇ. ئاخىر ئۇلار بىر - بىرىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ. ئالتۇن قاسراقلىق يىلان بىر بوران بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنىكەن، قاراقچىلار ئېغىرلىقىدىن بىر - بىرىنى كۆتۈرەلمەي، شۇ ھامان قوللىرى بىر - بىرىدىن ئاجراپ، تۆۋەنگە قاراپ موللاق ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچ كۆز قاراقچىلار ئېلىۋالغان مال - دۇنياسى بىلەن تارمان خاننىڭ غارىدا ھالاك بوپتۇ.

— ئەي ئادەم باللىرى، — دەپتۇ ئالتۇن قاسراقلىق يىلان، — «نەپسىدىن چوڭ بالا يوق، قىيامەتتىن چوڭ بازار يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئاچ كۆز نەپسىڭلارنىڭ سەۋەبىدىن مۇشۇ يەردە ھالاك بولدۇڭلار.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىلال پەيدا قىلغان كۆل كېيىن تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ، ئۇچار قۇشلارنىڭ جەننىتىگە، خىلمۇ خىل ھايۋاناتلارنىڭ گۈزەل يايلىقىغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇ گۈزەل جايىنى ماكان تۇتۇپ تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇپ، باياشات ياشاپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى كۇچا دۆڭقوتان بازىرى 1 ـ قاراڭغى كەنتىدە. ئېيتىپ بەرگۈچى: بايىز باي)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

# ھېيلىگەر ئوغرى

(چۆچەك)

خەۋەر گۇللىرىنىڭ نەققاشلىرى بۇ ھېكايەتنىڭ مۇقەددىمىسىنى شۇنداق نەپىس بايان قىپتۇكى، جاھان مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئاپتاپنىڭ شولىسى زەررىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالغاندەك، جاۋاھىراتلارنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن تاپقانىكەن. ياقۇتنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرى شەرەپ نىشانىسىدەك ئۇنىڭ تەبىئىتىنى خۇرسەن قىلىدىكەن. لەئل ۋە گۆھەرنى ياقۇت يۈزلۈك مەھبۇبلارنىڭ لەۋ ۋە چىشلىرىدىن ئەزىز بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ، خەزىنىسىگە توپلىغان جاۋاھىراتلارنى كۈندە بىر ۋاخ ئېلىپ چىقىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تاماشىسىدىن بەھرىمەن قىلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. پادىشاھنىڭ ئەمرىگە كېپىللىك قىلغۇچىلار ۋە پاسىبانلىق ئىشىنى بېجىرگۈچىلەر كۈندە بىر ۋاخ ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتىپ ئەكىرىپ كېتىشنى دائىم قىلالماپتۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا كەم چىقىپ قېلىپ ئازاب ۋە ھاقارەتكە قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇپ غەزىپىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ مەقسەتنىڭ جەبىر - جاپاسىز ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن پەرمان چىقىرىپ، زەرگەر ۋە ئۇستا نەققاشلارنى كەلتۈرۈپ بېلىق ياسىتىپتۇ. ئۇلار زەرگەرلىك ھۈنىرىدە ۋە گۈل قويۇش سەنئىتىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئالتۇندىن بىر بېلىق ياساپتۇ. سۇلتان خەزىنىسىنىڭ خۇلاسىسى، خاندان كان دېڭىزىنىڭ جۇلاسى بولغان مىسلىسىز جاۋاھىرات، يېقىملىق ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بېلىقنىڭ بەدەنلىرىگە بېكىتىپتۇ. شۇ ئارقىلىق جاھاندىكى تاشلار ھەم كانلارنىڭ ئابرۇيىنى ئاشۇرۇپتۇ. يېلىق ياساشقا كۆپ بايلىق سەرپ قىپتۇ. ھەل ئورنىدا ياقۇت، دۇرلارنى ئىشلىتىپ قاسراقلىرىنى جاۋاھىردىن قىپتۇ. جاۋاھىراتلار ھۆسنىنىڭ ھەسرىتىدىن دەريالار قۇمدا يېتىپ، كانلار تۇپراقتا ئولتۇرۇپتۇ. گۆھەرنىڭ كامالىتىدىن ئاسمان ھۇتىنى دالۋايغا كەلتۈرۈپ كەۋسەر بېلىقلىرىنى ئۆزىگە قۇل بىلىپتۇ. جاۋاھىراتلار پارقىراق نۇردىن سۇ ئىچىپ كەۋسەر سۈيىگە موھتاج بولماپتۇ، ئۆزىنىڭ ئالىي گۆھەرلىكى بىلەن كۆڭۈلنى زوقلاندۇرغاچقا، خىزىر چەشمىسىگە ھاجىتى يوق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بېلىقنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلىپتۇ. پادىشاھ ئۇ بېلىقنى ھەمىشە يېنىدا ساقلاپ، تاماشا قىپتۇ. ئاخشاملىرى بولسا بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ يېتىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىتىپ، ئەتراپلىرىغا كۆزەتچى قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ يۈرۈپتۇ. ئەمما، بۇ شەھەردە بىر ئوغرى بار بولۇپ، ھەييارلىق ھۈنىرىدە پىر - ئۇستاز ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئۇستا ئىكەنكى، قۇياشنىڭ تىللاسىنى سېھرى بىلەن پوتىسىدىن ئېلىۋالالايدىكەن. لەئلنىڭ كانىنى تۆرەلمەستىن بۇرۇن ئاپتاپنىڭ كامىرىدىن ئوغرىلايدىكەن. گۆھەر تېخى سەدەپنىڭ ئىچىدە تۆرەلمەي تۇرۇپ، ئازدۇرۇپ ئارقىسىدىن چىقىرىۋالىدىكەن. ئاسمان بېلىقىنى يەتتە دەريايى ئەخزەردىن شىبىست بىلەن تۇتۇۋالىدىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ بېلىقىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئوغرىلىق ھۈنىرىنى كامالىغا يەت-

كۆزۈش ۋە ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش
ئۈچۈن بىلىقنى ئېلىشنى ئۆزىگە لازىم كۆرۈپ،
قەستىنىڭ ئارغىمىقىنى جەزمىنىڭ ئېگىرى بىلەن
توقۇپ، جۈرئەت مەيدانىدا جەۋلان قىلدۇرۇپتۇ. پا-
دىشاھ ئوردىسىنىڭ ئەتراپىنى ۋاقىت تانابى بىلەن
ئۆلچەپ، پايلايدىغان بۇرجەك، كىرىدىغان روجەك
ۋە قاچىدىغان ئىشىكنىڭ بار يەرلىرىنى بىلىۋاپتۇ.
بۇ چاغدا كۆكنىڭ ئالتۇن بېلىقى مەغرىب كۆلىگە
پېتىپ، كېچە قارا پەردىسىنى ئۇپۇقنىڭ ئەتراپىغا
يۆركەپتۇ. نامدار تۈن باسقۇنچىسى ئوغرىلىق
ئەسۋابىنى ئېلىپ قەسىرنىڭ ئاستىغا كېلىپ
ئەتراپنى ئايلىنىپ، پاسىبانلارنىڭ ئويغاقلىقىنى
ۋە قاراۋۇللارنىڭ سەگەكلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆ-
رۈپ، ھەممە يەردە ھوشيار بول، بىدار بول ۋە ئا-
گاھ بول دېگەن ئاۋازلار كېلىپ تۇرغانلىقتىن،
ئىلاجسىز ئىنتىزارلىق ئىچىدە ساقلاپتۇ. كېچە-
نىڭ نىسپى ئۆتكەندە شەبنەمنىڭ ھۆللۈكىدىن ۋە
ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن قاراۋۇللار بېشىنى يۆركەپ
گاھىدا ئويغاق، گاھىدا ئۇيقۇدا بوپتۇ ھەمدە سۇناي-
دىن چىققاندەك ئاۋازلار كەلگىلى تۇرۇپتۇ. ئوغرى
بولسا يەردە يېتىپ يىلاندەك يۆرۈپ قەسىرنىڭ
ئاستىغا كېلىپ، مەھبۇبلارنىڭ كوكۇلىسىدەك ئۆ-
رۈلگەن ئۇزۇن پوتىسىنى بېلىدىن يېشىپ قەسىر
كۇنگۇرىسىگە تاشلاپتۇ ــ دە، پوتىسىنىڭ ھالقىسى-
غا دارۋازىدەك يامىشىپ ئۈستىگە چىقىپتۇ. شۇ تە-
رىقىدە پوتىغا يامىشىپ قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ
پادىشاھنىڭ مەخسۇس ياتىدىغان ھۇجرىسىغا بېرىپ
قارىسا، پادىشاھ پاراغەت ئورنىدا ئىستىراھەتتە
ئۇخلاپ ياتقۇدەك. شاملار پاسىبانلاردەك ئۇخلىماي
جان كۆيدۈرۈش يولىدا بىر پۇتى بىلەن دەسسەپ
تۇرۇپتۇ. زىننەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن بېلىق
بولسا پادىشاھنىڭ ياستۇقى ئاستىدا تۇرۇپتۇ. پەرى
نازلىق بىر كېنىزەك پادىشاھنىڭ مۇبارەك پۇتلى-
رىنى گۈلبەرگىدىن نازۇكراق ئالقىنىغا ئېلىپ
يۇمشاق ــ يۇمشاق ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوغرى
شۇئان چاققانلىق بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ ئۆزىنى
پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئاپتۇ. بىر كەمدىن كېيىن
كېنىزەكنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ ــ دە، پادىشاھنىڭ تە-
كىيەسىنىڭ يېنىدا بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئۇيقۇغا
كېتىپتۇ. ئوغرى ئاستا بېرىپ كېنىزەكنىڭ رو-
مىلىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا سېلىپ،
كېنىزەكنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ سۇلتاننىڭ خىز-
مىتىگە مەشغۇل بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىن پادىشاھ
يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلگەنىكەن، ئوغرى ۋاقىتنى
قولاي تېپىپ بېلىقنى پادىشاھنىڭ بېشى ئاستىدىن
ئېلىپ، قانداق كەلگەن بولسا شۇ تەرىقىدە مېڭىپ،
قاراۋۇللارنىڭ ئارىسىدىن ھوشيارلىق بىلەن ئۆتۈپ
تۇيدۇرماي چىقىپ كېتىپتۇ. بېلىقنىڭ ئۇزۇنلۇ-
قىدىن قولتۇق ئاستىغا يوشۇرۇشنىڭ ئامالى يوق
ئىكەن، شەھەر قورغان دەرۋازىلىرىمۇ ئېتىكلىك
ئىكەن. دانا ئوغرى ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ «مۇ-
شۇنداق خىلۋەت كېچىدە ئىشنى پۇتكۈزمەستىن
بېلىقنى شەھەر قەلئەسىدە ساقلاشنىڭ ئۆزى ھايات-
لىق قولىنى ئۆلۈمنىڭ سۈيى بىلەن يۇغانلىقتۇر،
ئېھتىمال سۇلتان بۇ ۋەقەدىن تېزلا خەۋەردار بولۇپ
تەكشۈرۈش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتۇرماي
قالسا، ماڭا بالا ــ قازا يېتىشى مۇمكىن، ئۇنداق
بولمىغاندىمۇ قۇياشتىن روشەن نەرسىنى تاڭ ئات-
قاندا شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقماق ئەقىل-
دىن يىراقتۇر» دەپ ئويلاپ، ھەييارلىق ۋە ئوغرى-
لىق يولىدىن ھىيلە تېپىپتۇ ــ دە، بېلىقنى كې-
نىزەكنىڭ بېشىدىن ئېلىۋالغان رومالغا بوۋاق با-
لىنىڭ ئۆلۈكىدەك يۆگەپ، بىر گۈلپۇرۇشنىڭ ئۆ-
يىدىن بىر دەستە ئاق گۈل ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە
قويۇپ، مۇسىبەت بولغۇچىلاردەك پەريادۇ پىغان،
نالە ــ زار بىلەن يىغلاپ شەھەر دەرۋازىسىغا كەپ-
تۇ. دەرۋازىۋەنلەر ئۇنىڭدىن:

ــ كىمسەن؟ نېمىگە شۇنچە يىغلايسەن، ــ
دەپ سورىغانىكەن، ئوغرى جاۋاب بېرىپ:

ــ مەن بولسام زامانىنىڭ دىشۋارچىلىقىدا
كۆيگەن جاپاكارلارنىڭ زۇلۇم سېھرىدە سىقىلغان،
يانچۇقى قۇرۇق كەمبەغەل كىشىمەن، تۇتىدەك بىر
ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇ بۇلبۇلدەك ئاۋازى بىلەن
شېرىن سۆزلەرنى ئېيتىپ كونا ئۆيۈمگە چىمەننىڭ

زىنىنىتىنى بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل غۇنچە-
لىرىم ئېچىلىپ كېتەتتى. بۈگۈن كېچە چېچەك
كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ ئەلەم دامىغا گىر-
رىپتار قىلدى. ھەسرەت داغلىرى لالىدەك دىلىم-
دىن ئورۇن ئالدى، تاڭ ئاتقاندا يۇرتنىڭ رەسىم -
ئادەتلىرى بويىچە چىقىرىشقا ئاجىز كەلدىم،
دوستىنىڭ تەنىسى ۋە دۈشمەننىڭ كۈلكىسىدىن
ئەندىشە قىلىپ، پەرزەنت غېمىدە ئېزىلىپ يۈز پا-
رە بولغان جىگىرىمنى تاڭ ئاتقاندا ئۆلارنىڭ چاياز-
نىڭ نەشتىرىدەك تەنە سۆزلىرى بىلەن ئازارلاپ،
دەرد ئۈستىگە دەرد تارتىپ، مۇسىبىتىم بىلەن
دۈشمەننى سۆيۈندۈرمەسلىك ئۈچۈن، ھازىرلا ئاپى-
رىپ لەھەتنىڭ بۆشۈكىگە بۆلەپ گۆرنىڭ بۇلەنچۇ-
كىدە ئۇخلىتاي دەپ ئېلىپ ماڭدىم، — دەپتۇ.

دەرۋازىۋەنلەردىن بىرسى خۇددى ئىتتەك ئاچ-
چىقى بىلەن قاۋاپ:

— نەدىمۇ يېرىم كېچىدە پادىشاھنىڭ رۇخ-
سىتىسىز كەمبەغەل ئۈچۈن دەرۋازا ئېچىلسۇن،
تاڭ ئاتقۇچە جىم ئولتۇر، بىكار ۋارقىراپ شېرىن
ئۇيقۇمىنىڭ لەززىتىنى كەتكۈزمە، ئەگەر تاياق يې-
مەك ئارزۇيۇڭ بولسا سارائدەك نەرە تارتىۋەر، —
دەپ پوپوزا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغرى جىگەر
پەردىسىدىن سوغۇق ئاھ تارتىپ دەرۋازىنىڭ تۈۋىدە
ئولتۇرۇپ، نالە - پەريادىنى ئاھاڭغا سېلىپ راسا
يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. دەرۋازىۋەنلەر كايىپ دەشنام
ۋە ھاقارەت قىلغانىكەن، ھىيلىگەر ئوغرى بىچارى-
لىك بىلەن يالۋۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەي بىغەملىك ساھىلىنىڭ يەڭگىل كى-
شىلىرى، مەندەك ھالاكەت گىردابىغا مۇپتىلا بول-
غۇچىنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىڭلار، دەردمەنلەرنىڭ
ئوتلۇق ئاھلىرىدىن قورقۇڭلار.

دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بۇ چاپلاشقان
بالادىن قۇتۇلمىغۇچە، يىغا - زار دەستىدىن شېرىن
ئۇيقۇ ھالاۋىتىنى تاپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ،
ئامالسىز دەرۋازىنى ئېچىپ ئوغرىنى چىقىرىۋې-
تىپتۇ. يەنە بىر ئوغرىلىق ھۈنىرىدە ئۇستا بىر
ئوغرى بولۇپ، بۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىكى بىر

ئۆيدە بىر پاھىشە خوتۇن بىلەن مۇھەببەت ئەقىدى-
سىنى بېكىتىۋاتقانىكەن، ئۇ يالغان يىغىنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلىپ،
دەرۋازا تاقىلىپ بولغۇچە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ،
دەرۋازىۋەنلەر ئۇنىڭدىن:

— سەن كىم بولىسەن، بۇ كېچىدە نەگە بارى-
سەن، — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ ئوغرى پەريادۇ پى-
غان تارتىپ تۇرۇپ:

— چىقىپ كەتكەن مېنىڭ بۇرادىرىم ئىدى،
ئۇنىڭ ئوغلى شېكەر سۆزلۈك تۇتىغىمۇ نۇتۇق ئۆ-
گىتەتتى. بۈگۈن ئېمىتىۋېتىپ ھەلقۇمى پانىي ئا-
لەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ، ھىجران غې-
مىنىڭ دەردىنى ئاتىسى بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمگە
سالدى، مۇسىبەت ئىشىدا دەپنە قىلىشىپ بېرىپ
بۇرادەرلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، — دەپتۇ. ئۇ بۇ
باھانە بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ ھېلىقى ئوغرىنىڭ
ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئاۋۋالقى ئوغرى ئۇدۇل شۇ
شەھەرنىڭ دار مەيدانىغا بېرىپ قارىسا، ئۈچ كىشى
دارغا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر دار بىكار تۇر-
غۇدەك. ئۇ يەردىن بىر تەرەپكە قاراپ ساناپ بىر
قانچە قەدەم مېڭىپ، بېلىقنى شۇ يەرگە كۆمۈپ،
كېيىن ئاسان تېپىۋېلىش ئۈچۈن دارنىڭ ئاستىدىن
قانىغا بويالغان بىر تاشنى ئەكېلىپ نىشان قىلىپ
بېلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ.

ئىككىنچى ئوغرى بولسا ئاۋۋالقى ئوغرى يەر-
نى قازغىلى تۇرغاندا بىكار تۇرغان دارغا ئۆزىنى
ئېسىپ تانىنىڭ توگۇچىنى تامىقىنىڭ بىر تەرى-
پىگە كەلتۈرۈپ تاماشا قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاۋۋالقى
ئوغرى بېلىقنى كۆمۈپ بولۇپ، ئېھتىيات ئۈچۈن
يەنە دارنىڭ ئاستىغا كېلىپ قارىسا، تۆتىنچى
دارغىمۇ بىرسى ئېسىلىپ تۇرغۇدەك. ئۇ بۇ ھالنى
كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، «ھازىرلا بۇ داردا كىشى يوق
ئىدى، ئەمدى بىر ئادەم ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ، خاتا
كۆرۈپ قالدىممۇ ياكى ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيى-
تىم توگەشتىمۇ» دەپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىش
ئۈچۈن تۆت ئۆلۈكنىڭ كۆكرىكىگە قولىنى قويسا
تىنىقى بىلىنمەي ھەممىسى ئوخشاشلا تۇرغۇدەك،

ئۇ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. بۇ ۋەقەدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپراق يەنە گۇمان قىلغان دارنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ بۇرنىنى مەھكەم تۇتۇپ نەپەس يولىنى ئېتىۋاپتۇ. ئەمما، ئوغرى ئۇستىلىقىدىن تىنماي نەپەسلىرىنى ھەپسىگە ئېلىپ ئېھتىيات شارائىتىنى بىر تەرەپ قىپتۇكى، ئەپلاتۇنىڭمۇ ئۇنىڭ قىزىل قان تومۇرىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلەلىشى ئىمكانىيەت ئۆلچىمىنىڭ سىرتىدا كۆرۈنۈپتۇ. ئاۋۋالقى ئوغرى ئېھتىيات ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇپ، ئېھتىيات ئۈچۈن دەپ خەنجىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ دارغا ئېسىقلىق ئوغرىنىڭ پېشانىسىگە ئۇرغانىكەن، ئۇستا ھەييار قەتئىي مىدىرلىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغرى ئەندىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپتۇ. داردىكى ئوغرى بولسا داردىن چۈشۈپ بېلىقنىڭ ئۈستىگە بېرىپ، يەرنى كولاپ پۈتۈن ئالەمگە داڭقى كەتكەن قىممەتلىك ئالتۇن بېلىقنى ئېلىپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنىڭ يەم - پاراسەت ئىدراكىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، باشقا جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ چېكىسىنىڭ زەخمىنى تېڭىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كۈندۈزنىڭ بېلىقى دەريا ئاستىدىن چىقىپ جاھاننى ئۆزىنىڭ شەپەق نۇرىنىڭ جەۋھىرى بىلەن روشەن قىپتۇ. ئوغرى مۇراجىئەت قىلىپ پاھىشە خوتۇننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. خوتۇن ئوغرىنىڭ يۈزىدىكى زەخمىنى كۆرۈپ ئەھۋالىنى سورىغانىكەن، ئوغرى مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا تىرىشىپ، ھەقىقەتكە يول بەرمەي، بۇ سىردىن ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ دەپتۇكى:

— ئەي خوتۇن، بۇ ئىشتىن ئېغىز ئاچماي جاراھەت تاڭغۇچىنى تاپقىن، ئۇ كېلىپ مەلھىمى بىلەن جاراھىتىمگە شىپا قىلسۇن. خوتۇن كېنىزەكنى چاقىرىپ:

— قايسىڭلارنىڭ تېۋىپ ئاشنىڭلار بار، — دەپ سوراپتۇ. بىر كېنىزەك دەپتۇ:

— مېنىڭ ناھايىتى ئۇستا تېۋىپ ئاشنام بار، ھەر كېچىسى كېلىپ جاراھەتلىرىمنىڭ ئاغزىغا مەلھەم قويۇپ ساقايتىشقا تىرىشىدۇ.

خوتۇن كېنىزەككە بۇيرۇپتۇكى:

— ئۇ تېۋىپنى ھازىر قىلغىن. كېنىزەك تېۋىپنى ھازىر قىپتۇ. تېۋىپ زەخمىنى كۆرۈپ، ئۇ يىگىتنىڭ تاقىتىگە ۋە يۈرەكلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپ داۋالاشقا كىرىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بېلىقىنى بارگاھىدىن ئوغرىلىغان ئاۋۋالقى ئوغرى بولسا تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بېلىقنى كۆمۈپ قويغان يەرگە بارسا، بېلىقنى باشقا بىرسى ئېلىپ كەتكەنىكەن. دارنىڭ ئاستىغا بېرىپ قارىسا، خەنجەر ئۇرغان ئۆلۈك يوق تۇرغۇدەك، بۇنى كۆرۈپ ئوغرىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ، ئەلەم دامىغا گىرىپتار بولۇپ ھاسىراشقا باشلاپتۇ. ئۇ خۇددى مۇسىبەت بولغان كىشىدەك كۆڭلى مالال ۋە دەككە - دۈككىدە شەھەرگە كىرىپتۇ. پەلەكنىڭ جاپاسىدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، بىر خالىي جايغا بېرىپ بېشىنى چوكىدەك پاچىقىنىڭ تىزىدا قويۇپ، قورۇق مېغىزدەك سۇيى يوق ھەر خىل چىگىچ خىياللار بىلەن ئولتۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز جارچىنىڭ: «بۈگۈن ئاخشام سۇلتاننىڭ قىممەتلىك بېلىقى يوقاپتۇ، ھەر كىم ئوغرىدىن ئۇچۇر بەرسە، ئابرۇيى تېپىپ پادىشاھىمىزغا يېقىن بولۇپ، دۆلەت قۇشى دامىغا كىرگەي» دېگەنلىكى قۇلىقىغا كىرىپتۇ. ئوغرى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېزدىن پادىشاھ بارگاھىغا بېرىپ، پاسىبانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پادىشاھنىڭ مەجلىسىگە يول تېپىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەسلىككە پادىشاھتىن مۆھۈر خەت ئېلىپ، ئامانلىق سايىسىگە كىرىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى باشتىن - ئاخىرىغىچە مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەپتۇكى:

— قانداق قىلغاندا ئوغرىنى قولغا كىرگۈزىمىز؟ ئوغرى جاۋاب بېرىپ:

— ئۇنىڭ يۈزىگە زەخمە ئۇرغانىدىم، بۇ ئۇنى تۇتۇشنىڭ ئامالىدۇر. ئالەمنىڭ شاھى ھۆكۈم قىلسا، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ ئۇ بەدبەختنى تەكشۈرسەم، ھېچكىم مېنى توسمىسا، — دەپتۇ.

پادىشاھ مىرشاپنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە تە-

يىنلەپ بېرىپتۇ. بۇلار ھەرقانداق جايدا جاراھەتتى بار كىشىلەر بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىكەن. بىر كۈنى بىر جاراھەت دوختۇرى بىلەن ھېلىقى پاھىشە خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرسە، كېيىنكى ئوغرى راھەت بىلەن غوجايىندەك ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىكى زەخمە تېخى تولۇق ساقايمىغانىكەن. ئاۋۋالقى ئوغرى بۇنى كۆرۈپ ماختاشقا سۆز ئېچىپتۇ:

— مېنىڭ جېنىم سېنىڭدەك ئوغرىنىڭ سېھرى ئۈچۈن پىدا بولسۇن، ئادەمزاتتىن ساڭا ئوخشاش ئۇستا پەرزەنت تۇغۇلمىغان، ھېچكىشى ساڭا ئوخشاش ئۇستا، يېتىشكەن ھەييارلار جەۋھەرى ۋە نۇقسانسىز تالانت ئىگىسىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئوغرىلىق ھۈنىرى سەن ئارقىلىق راۋاج تاپقاي ۋە ئالەمدىكى ئوغرىلىق ھىيلىسىنى تەقدىر سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن پەيدا قىلغاي. دەرۋەقە، ھۈنەرنىڭ ئېتىبار تاپمىقى ھۈنەرۋەن زاتىنىڭ كامالىتىدۇر؛ جەۋھەرنىڭ قەدىر - قىممەت تاپمىقى جەۋھەرشۇناسنىڭ پەرق ئېتىشىدىندۇر. ئەمدى تورۇپ شاھلار شاھىنىڭ ئالدىغا ماڭغىن، ئالەمنىڭ شاھى قەدەم شەرىپىڭگە ئىنتىزاردۇر، — دەپتۇ.

زەخمىدار ئوغرى بۇنى كۆرۈپ راستىنى دېمەكتىن باشقا چارە تاپالماي:

— مېنىڭدەك ئۇستا ھۈنەرۋەن ۋە ئاسماندىن يۇلتۇزنى شوتا قويماي ئېلىۋالىدىغان ئوغرى ماختاشقا سۆز ئېچىپ، بار ھۈنىرىمنى ئىنساب بىلەن سۆيەتلىدىڭ. كۆڭلۈمدە، زەخمىم ئەسلىگە كەلگۈچە مەردلىك قىلىپ ئامانلىق بەرسە، ئۆزۈم ساقايغاندىن كېيىن بەختىنىڭ ھىدايىتى، تەلەيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن خىزمەت شەرىپىڭگە بېرىپ، سېنىڭ مەسلىھەتىڭ بىلەن ئېلىقنى پادشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىراي، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما سېنىڭدىن بۇنداق ئادىمگەرچىلىك ۋۇجۇدقا كەلمىدى، — دەپ چارىسىز بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەجەل بىلەن قول تۇتۇشۇپ، سۇلتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېلىقنى ئۆزىنىڭ قېنىدا ئۇزدۇرۇپتۇ، يەنى پادشاھ ئېلىقنى ئېلىپ زەخمىدار ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئەگەر كېيىنكى ئوغرى ئاۋۋالقى ئوغرىنىڭ ئىنتىقام ئالماق ئاپىتىدىن ۋە مۇكاپات قىلماق بالاسىدىن خاتىرجەم بولماستىن، دۈشمەنىنىڭ قولى يەتمەيدىغان ۋە رەقىب خەۋەر تاپمايدىغان بىر مەھەللىنى تېپىپ ماكان تۇتقان بولسىدى، ئۇ چاغدا تىرىكلىك خامىنىنى ئۆلۈمنىڭ ئوتى بىلەن كۆيدۈرمىگەن بولاتتى.

ئۆزىنى كۈچلۈك ساناپ، بولمىسا ھوشيار ھەر كىشى،
دۈشمىنى پۇرسەت تېپىپ، ئاخىر كېتەر ئۇنىڭ بېشى.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ ئايكۆل يېزا سايئېرىق كەنتىدىن ئابلاخان مەخسۇم، توپلاپ رەتلىگۈچى ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىدا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەر تۇردى

# سەرگەردان بۇلبۇل

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا بىر بىچارە كىشىنىڭ خوتۇنى ۋاقىتسىز قازا قىلىپ، ئىككى بالىسى يېتىم قاپتۇ. ئىككى بالىسىنىڭ چوڭى قىز، كىچىكى ئوغۇل بولۇپ، قىزىنىڭ ئىسمى مەيرەم بىبى، ئوغلىنىڭ ئىسمى نەسىم ئىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كىشى باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇ ئايال بۇ بالىلارنى بەكمۇ ئۆگەيلەيدىكەن، بولۇپمۇ ئوغلىنى بەك ئۆچ كۆرىدىكەن. بىر كۈنى ئۆگەي ئانا يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئېرى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇ يالغاندىن:

— ئوغلۇڭ مېنى خاپا قىلىپ، ھالىمنى قويمىدى، شۇ خاپىلىقتا چىدىماي كېسەل بولۇپ قالدىم، — دەپ يىغلاپتۇ.

ئاتىسى ئاچچىقىدا نەسىمنى تازا ئۇرۇپتۇ، نەسىمگە بۇ ئىش ھار كېلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇ پەرىشان ھالدا يولدا كېتىۋاتقانىكەن، ئالدىدا تۇيۇقسىز بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، ئۇنى يەۋېتىپتۇ.

مەيرەم بىبى «ئۇكام نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئۇياق - بۇياقتا يۈگۈرۈپ ئىزدەپتۇ، لېكىن ئۇكىسىنى ھېچيەردىن تاپالماپتۇ، كېيىن ئۇكىسىنىڭ يەردە تۇرغان سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سۆڭەكلەرنى يىغىپ بىر خالتىغا قاچىلاپ، بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئەمدى ئۆيىگە قايتىشىغا، سۆڭەكلەر بۇلبۇلغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇلبۇل كەڭرى ئاسماندا بىرنەچچە ۋاقىت ئۇچۇپ، جاھان كېزىپ يۈرۈپتۇ - يۇ، كېيىن ئاتىسىنى، ھەدىسىنى ۋە يېقىن كىشىلىرىنى سېغىنىپتۇ، سېغىنىشتىن تاقىتى تاق بولۇپ: «بېرىپ ئۇلارنىڭ دىدارىنى بىر كۆرەي» دەپ، يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە قونۇپ قارىسا، ئاتىسى ھويلىدا ئوتۇن يېرىۋاتقانىكەن، ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئاتىسى:

— ئەجەبمۇ بىزار قىلدىڭغۇ، ماڭ، كەت، — دەپ ئۇنى قوغلاپتۇ. بۇلبۇل تامنىڭ تۈۋىگە قونۇپ تۇرۇپ مۇنداق قوشاق ئېيتىپتۇ:

مەن بىر بۇلبۇل سەرسانمەن،
ھەريانلاردا ھەيرانمەن.
ئۆگەي ئانام زۇلۇم قىلدى،
ئاتام باغرىمنى تىلدى،
قىلدى مېنى خارۇ زار،
سەۋەبسىز بەردى ئازار.
ئۆز ئۆيۈمدىن كەتتىم مەن،
دالالاردا يۈردۈم مەن.
بىر بۆرىگە يەم بولدۇم،
سايرار ئىدىم، جىم بولدۇم.
ھەدەم چەكتى كۆپ قايغۇ،
سۆڭىكىمنى تاپتى ئۇ.
ئاستى چىنار شېخىغا،
چىدىيالماي قايغۇغا.
مەن بىر بۇلبۇل سەرسانمەن...

ئاتىسى بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ:

— ھەي بۇلبۇل، قوشىقىڭنى قايتا ئېيتقىن-

چۇ، ــ دەپتۇ.

ــ كۆزلىرىڭىزنى يۇمسىڭىز ئاندىن ئېيتەمەن، ــ دەپتۇ بۇلبۇل.

ئاتىسى كۆزىنى يۇمغانىكەن، بۇلبۇل ئۇچۇپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۆگەي ئانىسى ئايۋاندا كۆڭلەك تىكىپ ئولتۇرغانىكەن، بۇلبۇل ئايۋاندا ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.

ــ نېرى كەتكىنە، ئەجەبمۇ بىزار قىلدىڭغۇ، ــ دەپتۇ ئۆگەي ئانىسى.

پېشايۋان ئالدىدا بىر دەرەخ بار ئىكەن، بۇلبۇل ئاشۇ دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ، يەنە بۇ قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

مەن بىر بۇلبۇل سەرسانمەن،
ھەريانلاردا ھەيرانمەن.
ئۆگەي ئانام زۇلۇم قىلدى،
ئاتام باغرىمنى تىلدى،
قىلدى مېنى خارۇ زار،
سەۋەبسىز بەردى ئازار.
ئۆز ئۆيۈمدىن كەتتىم مەن،
دالالاردا يۈردۈم مەن.
بىر بۆرىگە يەم بولدۇم،
سايرار ئىدىم، جىم بولدۇم.
ھەدەم چەكتى كۆپ قايغۇ،
سۆڭىكىمنى تاپتى ئۇ.
ئاستى چىنار شېخىغا،
چىدىيالماي قايغۇغا.
مەن بىر بۇلبۇل سەرسانمەن...

ئۆگەي ئانىسى بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

ــ ھەي بۇلبۇل، قوشىقىڭنى يەنە بىر قېتىم ئېيتقىنچۇ، ــ دەپتۇ.

ــ كۆزلىرىڭىزنى يۇمسىڭىز ئاندىن ئېيتەمەن، ــ دەپتۇ بۇلبۇل.

ئۆگەي ئانىسى كۆزىنى يۇمغانىكەن، بۇلبۇل ئۇچۇپ ھەدىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قونۇپتۇ. ھەدىسى بوغداي تازىلاۋاتقانىكەن، بۇلبۇل ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ:

ــ ھەدە، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ماڭا ئازراق بوغداي بەرگىن، ئاندىن ساڭا قوشاق ئېيتىپ بېرەي، ــ دەپتۇ.

ــ كەل، تويغۇچە يېگىن، ــ دەپتۇ ھەدىسى.

بۇلبۇل بوغداينى يەپ قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى قوشاقنى يەنە ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ھەدىسى ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بۇلبۇلغا قاراپ:

ــ ھەي بۇلبۇل، شۇ قوشىقىڭنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگىنە، ــ دەپتۇ.

ــ ئاۋۋال ماڭا ئېيتقىنچۇ، ئۇكاڭنى سېغىندىڭمۇ، يوق؟ ــ دەپ سوراپتۇ بۇلبۇل.

ــ ئەلۋەتتە سېغىندىم، ــ دەپتۇ ھەدىسى، ــ ئۇنى بەكمۇ سېغىندىم، ئاتامۇ، ئانامۇ ئۇنى بەك سېغىندى، ئۇنىڭغا ئازار بەرگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

ــ ئۇنداق بولسا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارغىن، ئۈچىلىڭلار كۆزۈڭلارنى چىڭ يۇمۇپ قولاق سېلىڭلار، ــ دەپتۇ بۇلبۇل. ھەدىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇشنى ئېيتىپتۇ ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قىپتۇ.

بۇلبۇل بىرلا ئايلىنىپ، ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپتۇ ۋە:

ــ كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچسا، ئالدىدا نەسىم تۇرغىنىمىش. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇكى، بۇنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي ئانىسىمۇ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ ئازار يېگەن بۇ بالىسىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاقشىمايدىغان بوپتۇ، ئۇلار بىر ئائىلىدە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(بۇ چۆچەك 1990 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «جاھىل قۇشقاچ» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى، ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان.)

نۇرمۇھەممەت ئىبراھىم قاپاق سەنئىتى ئەسەرلىرىدىن

















رەسسام: ئابدۇغېنى مەتروزى

تىمتاس كېچە


源泉 (布拉克)

بۇلاق

(维 吾 尔 文)　总148期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 148- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托合提　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版
(乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 3 4 8 号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行
中 国 国 际 图 书 贸 易 总 公 司 国 外 发 行
全 国 各 地 邮 局 订 阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN　1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮 政 代 号 :58-108　定 价 :8.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043